

ISSN 1004—1745





ھۆسن خەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلگەن تاشكەنت گۈزەل - سەنئەت سارىيى





# تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

1993 - يىل 3 - سان


## مۇندەرىجە


مۇھىم ۋەقە ........................ مۇھەممەت ھەمرايىۋ 1

بارىكاللا ........................ مۇھەممەت زەيدى 4

تەزىم قىلىمەن ........................ كېرەم بەھرىيىۋ 5

### ھېكايىلەر

قىرچىن تال ........................ ئابدۇللا ساۋۇت 6

قاباھەتلىك چۈش ........................ ھۆسەيىن تاش 23

تەسەللى ........................ ئەنۋەر رەھىم 41

### شېئىرلار

ئىككى شېئىر ........................ ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر 21

شېئىرلار ........................ ئابدۇساتتار ناسىرى 22

### ئەدەبىي ئاخبارات

تۇتاش قەلبلەر ........................ قۇربان توختى 85

### ماقالىلەر

لىرىك شېئىرىيەت ۋە مەپتۇنكار لەززەت ...... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 31

### ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

مۇھەممەتجان ئالىم تۇرسۇن، ئابدۇقادىر جالالىدىن، كۆرەشجان ئۆمەر، پەرھات تۇرسۇن، مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن، تەلئەت قادىرى، غۇجىمەت مۇھەممەت، مەمتىمىن مەمتىمىن، ئەمەت يولداش، مۇھەممەتياسىن ئوسمان، ئوسمان قاۋۇل ........................ 44

### نەسرلەر

نىگار جىلۋىسى ........................ تۇرسۇن مۇھەممەت 55

نەسرلەر ........................ پولات ھېۋزۇللا 57

## «ئىزلەنمە ھېكايىلەر»


تۇمانلىق يەكشەنبە ........................ قاھار نىياز 60


## مىكرو ماقالىلەر


شېئىرىدىكى ئەپسانە ۋە ئەپسانىدىكى ھۆزدىكا ........................ ئەكبەر سابىت 74


## بالىلار ئەدەبىياتى


كۆكتۇل (ھېكايە) ........................ تۇرسۇنمۇھەممەت پەخىردىن 76
ئۆگەي ئانا (ھېكايە) ........................ ئوسمان قادىر 80
مەسىلىلەر ........................ ھەسەن تىلىۋالدى 83


## چەت ئەل شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەر


شېئىرلار ........................ باتۇر روزى تەرجىمىسى 91


## كىتابخان، ئاپتور، مۇھەررىر


شائىر بولۇپ قالغان ئوخشايمەن ........................ مۇھەممەتجان راشىدىن 94


## نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئەسەرلىرىدىن


ۋالكوت شېئىرلىرىدىن ........................ ئەركىن نۇر تەرجىمىسى 103


## كىلاسسىكلىرىمىز



غەزەللەر ........................ زەلىلى 109


مۇقاۋا 1 - بەتتە: ياش ناخشىچى. دوچيەنزو فوتوسى.
بۇ ساندىكى قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئابلىمىت ئابلىز ئىشلىگەن.


باش مۇھەررىر: ھەببۇللا رېقىپ
مەسئۇل مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا
مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر، سەنەۋەر ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

# ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1992 - يىلى 16 - ئۆكتەبىردىن 22 - ئۆكتەبىرگىچە ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدە «جۇڭگو ئۈرۈمچى ئۇيغۇر ھۆسن خەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى» ئاچتى!

مۇخبىرىمىزدىن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مۇھەممەت سالەي يېتەكچىلىكىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1992 - يىلى 16 - ئۆكتەبىردىن 22 - ئۆكتەبىرگىچە ئۆزبېكىستاننىڭ



تاشكەنت شەھىرىدە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى، تاشكەنت «ئىنتېر - ئاسىيا» شىركىتىنىڭ دىرېكتورى كامىلجان ۋە تاشكەنت «تەڭرىتاغ» شىركىتىنىڭ دىرېكتورى مۇھەممەتجان ھەمراييۇ قاتارلىق دوستلارنىڭ تەكلىپى بويىچە «ئۇيغۇر ھۆسن خەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىنى» ئاچتى. كۆرگەزمە پۈتكۈل ئۆزبېكىستاندا زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. گېزىت - ژۇرنال ۋە تېلېۋىزورلاردا كۆرگەزمە ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئېلان قىلىندى. كۆرگەزمە كۆرگىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بىز دىققىتىمىزنىڭ ئۆزە لىكى قېرىنداش ئۆزبېك خەلقلىرى ئارىسىدا تىزلىق ئارا يان قىلىنمىشى، ئۆزبېكىستاندىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بىز بۇ ئەھمىيەتلىك ۋەقەنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا كۈچ چىقارغان كامىلجان ۋە مۇھەممەتجان قاتارلىق دوستلارغا تەشەككۈر ئېيتىمىز. تۆۋەندە ئۆزبېكىستانلىق دوست - ئەربابلارنىڭ بۇ كۆرگەزمە ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى كىتابخانلارغا سۇندۇق.

## مۇھىم ۋەقە

«ئىنتېر - ئاسىيا» شىركىتى بىلەن «تەڭرىتاغ» شىركىتى سىزنى 16 - ئۆكتەبىردىن 22 - ئۆكتەبىرگىچە تاشكەنت شەھىرىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھۆسن خەت ئۇستىلىرىنىڭ ئاجايىپ كاتتا «ئۇيغۇر ھۆسن خەت سەنئىتى ئەسەرلىرى» كۆرگەزمىسىگە تەكلىپ قىلىدۇ.

بۇ ئېلان تاشكەنت شەھىرىنىڭ بارلىق جايلىرىغا چاپلانغانىدى. بۇ خىل مەزمۇندىكى كۆرگەزمە بىز ئۈچۈن بىر يېڭىلىق. ئۇيغۇر ھۆسن خەت سەنئىتىنى خۇددى تەڭرىتاغدەك بۈيۈك ۋە قەدىمكى دەپ ئېيتساق زادىلا مۇبالىغە بولمايدۇ. مەن شۇنداق بۈيۈك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ھۆسن خەت سەنئىتىنىڭ مەپتۇنى- مەن. ئىلگىرى مەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەتتاتلارنىڭ خەتتاتلىق مۆجىزى- لىرىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا بەكمۇ ئالدىرىغانىدىم.

1991 - يىلىنىڭ ياندۇار ئېيى گويا تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە تۇرماقتا. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ شۇجىسى جىنا ۋىچجەن، مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەت ئابدۇللا ھەم خەتتات نىياز كېرىم شەرقىي، ھوشۇر ئېلى قاتارلىق جانابلار بىلەن ئۇزاق سۆھبەتلەشتۇق. سۆھبەت ئاخىرىدا مەن تاشكەنت شەھىرىدە ئۇيغۇر ھۆسن خەت سەنئىتى ئەسەرلىرىنى كۆرگەزمە قىلىشنى تەكلىپ قىلدىم. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە خەتتات يولداشلار ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ كۆرگەزمىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ياردەمدە بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىشتى.

تاشكەنتكە قايتقاندىن كېيىن جىددىي ھەرىكەتكە كىرىشتىم. ئەمما ماڭا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان بەزى ئىشلار تۈپەيلىدىن تەييارلىقلار سوزۇلۇپ كەتتى. 1992 - يىلى سېنتەبىر ئېيىدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق سودا كېڭىشىش يىغىنى مەزگىلىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن تاشكەنت «ئىنتېر - ئاسىيا» شىركىتى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تاشكەنت شەھىرىدە «ئۇيغۇر ھۆسن خەت سەنئىتى ئەسەر- لىرى» كۆرگەزمىسىنى ئېچىش توغرۇلۇق كېلىشىم ئىمزالاندۇق.

كۆرگەزمە ئېچىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى جۇڭگونىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ خادىملىرىنى ۋە باشقا ئورۇنلاردىن نۇرغۇن مېھمانلارنى كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلغانىدۇق. مۇراسىمغا جۇڭگونىڭ ئۆزبېكىستاندىكى سودا ئىشلىرى ۋەكىلى چەن چىڭنۇ جانابلىرى رەپىقىسى بىلەن كېلىپ، جۇڭگو ئەلچىخانىسى نامىدىن تەبرىك سۆزى قىلدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۆزبېكىستان فىلارمونىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ، تاشكەنت شەھىرىدىكى خەنزۇ تىلىدا ئىختىساسلاشقان 59 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەبرىك پائالىيىتى مۇراسىم قاتناشقۇچىلىرىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىرات قالدۇردى.

بەش كۈن داۋامىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 20 نەپەر خەتتاتنىڭ 128 پارچە ئىجادىي ئەسەرلىرى كۆرگەزمە قىلىندى. تاشكەنت شەھىرىدىكى مەكتەپلەر، مەسچىتلەر، ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىدىن كەلگەن سەنئەت شەيدالىرى جەمئىي ئىككى مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتتى.

رەسساملار ئىتتىپاقى كۆرگەزمە سارىيىدىكى بۇ تەنتەنىلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولغان ئۇيغۇر خەتتاتلىرى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزبېكىستاندا ناھايىتى زور قىزىقىش بىلەن قارشى ئېلىنىشى بىز ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق چوڭ ئىش.

كۆرگەزمە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بۇ كۆرگەزمىنى ئۆزبېكىستاننىڭ بىر قانچە چوڭ شەھەرلىرىدە ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سېزىپ يەتتۇق. چۈنكى شۇ كۈنلەردىن كېيىن تاكى ھازىرغا قەدەر يىراق شەھەرلەردىن بىزگە تېلېفونلار كېلىپ تۇردى ھەم خەت يازغانلارمۇ ئاز بولمىدى.

كۆرگەزمە ئېچىلغان مەزگىلدە ئۆزبېكىستان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كۆرگەزمە ئەھۋالىنى بىر نەچچە قېتىم خەۋەر قىلدى. كۆرگەزمە بىز كۈتكەندىن ئارتۇق سەۋىيىدە بولدى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئالتە نەپەر ۋەكىلنى تارىخىي يادىكارلىقلار شەھىرى سەمەرقەندكە ئېلىپ باردۇق ھەم تاشكەنت شەھەر ئەتراپىدىكى دىققەتكە سازاۋەر جايلارنى كۆرسەتتۇق.

بۇ كۆرگەزمە ئۆزبېكىستاندا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن خەتتاتلىق سەنئىتىنى قايتىدىن تىكلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى چوڭ بىر تەدبىر بولدى. كۆرگەزمىنى كۆرگىلى كەلگەن ئۆزبېك خەتتاتلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرى ياردىمىدە ئۆزبېك خەتتاتلىرى جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقماقچى بولۇۋاتىمىز.

كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان ئۆزبېكىستان خەلق رەسسامى پروفېسسور چىڭگىز ئەھمەدوۋ ھاياجان بىلەن: «بۇ كۆرگەزمە كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە مەن قاتناشقان كۆرگەزمىلەرنىڭ ئەڭ ئەستە قالارلىقى بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان بويىچە مۇنداق كاتتا كۆرگەزمە بىرىنچى قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلۇۋاتىدۇ» دېدى.

دەرھەقىقەت شۇنداق. قەدىمكى ئۇيغۇر ھۆسن خەت سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بۇ كۆرگەزمىنى ئۇيۇشتۇرغانلىقىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز. چۈنكى ئۇيغۇر ھۆسن خەت سەنئىتى كۆرگەزمىسى ئۆزبېك خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى يېڭى بىر دەۋرنى كۆرسىتىپ، ئۆزبېك خەلقىنىڭ خەتتاتلىقىنى قايتىدىن تىكلەشكە ئىلھام بەخش ئەتتى.

كامىلجان يولداشىۋ باشچىلىق قىلغان «ئىنتېر - ئاسىيا» شىركىتى ۋە مەن باشقۇرغان «تەڭرىتاغ» شىركىتى كۆرگەزمىنىڭ بارلىق خىراجەتلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. بىزمۇ ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق قىلىپ ئۆزبېك خەتتاتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئاپىرىپ كۆرگەزمە قىلىش نىيىتىدە بولماقتىمىز.

بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ياردەم قولىنى سۇنغان بارلىق يولداشلار ۋە تەشكىلاتلارغا چىن دىلىمدىن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

**مۇھەممەتجان ھەمرايىۋ**

تاشكەنت 1992 - يىل 16 - ئۆكتەبىر

## بارىكاللا

ئەزىز دىيارىمىزدىن گۈزەللىك ئەلچىلىرى ئېلىپ كەلگەن سەنئەت مۆجىزىلىرى، ئۇيغۇر ھۆسن خېتى دۇردانىلىرى كۆرگەزمىسىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. سەمىمىي قۇتلۇقلايمىز. بىلەن ئاۋاز بىلەن: ھارماڭلار! بىلىمىڭلارغا كۈچ - قۇۋۋەت دائىم يار بولسۇن! ئىشىڭلار ئىلگىرى بولسۇن! دەيمىز.

ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە زور يۈكسىلىشى، بۈيۈك نەتىجىلەرگە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ مۇئەييەن بىر يېڭى تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە سەنئەت سۆيەر خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرى — پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ تەربىيىسىدە يېتىلگەن خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ يېڭى، ياش ئەۋلادى — ئارمىيىسى يېتىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى، دالالىتى، نامايەندىسىدۇر. بۇ خەتتاتلىق سەنئەت ئالەمىدىكى چوڭ بىر ۋەقە، بۇنىڭ ئەھمىيىتى مىسلىسىزدۇر. ئۇنىڭ مىقياسى، ماھىيىتى ۋە سەۋىيىسى شۇنچىلىك زور بولغانكى، ئۇ ئۆزىنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقتى ۋە نامايىش قىلدى. جاھانغا ئۆزىنى تونۇتتى. ھەممىگە مەلۇمكى: سەنئەت چېگرا بىلمەيدۇ! بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. يەنە بىر تەرىپى بار. ئۇ بولسىمۇ — ئەزەلدىن دوست، قانداش، جانداش، ئەسلى - ۋەسلى بىر ئۇيغۇر — ئۆزبېك خەلقلىرى ئۈچۈن ئۆز دەۋرىدە مەلۇم ئىسلاھاتلاردىن ئىلگىرى ئومۇمىي بولغان، بىللە قوللانغان بۇ يېزىقنىڭ ئۆزبېكىستاندا كېيىنكى 60 يىلدىن بۇيان خارلىنىپ، تاشلىنىپ كېلىنىشى كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر دىيارىدا ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بۇ كۆرگەزمىسى، ئەسلى كونا ئۆزبېك يېزىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تىكلەش يولىدىكى ئىشلىرى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ھەم چوڭ ئىلھام - مەدەتتۇر. شۇندا قىلىپ يەنە ئۆزبېك خەلقلىرى ئۈچۈن ياردەم سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ، ئۇيغۇر - ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ دوستلۇق، ھەمكارلىق، مەدەنىي ئالاقىلىرىنى كۈچەيتىپ، قويۇقلىشىپ يېقىنلىشىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولۇشى شۈبھىسىزدۇر.

كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئەسەرلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ماھارەتلىرى، سەنئەتتىكى تەمىتى، باياشقى تاماشىبىنلارنى بەك ھەيران قالدۇردى. كۆرگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى يوشۇرالمىدى. ئەسەرلەرگە قانچە قارىسا شۇنچە قاراۋېرگۈسى كېلىۋېتتى، سىنچىلاپ قارىساڭ ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك، ماھارەت، يېڭى - يېڭى قىرلىرى، سىرلىرى، ھەر خىل نەرسىلەرگە ئوخشىتىلغان خەتلەر كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولغاندا ئىختىيارسىز خۇشاللىقىمىزنى باسالماي قالىمىز. خەتتاتلىقنىڭ شەكىللىرىنى كۆرگىنىمىزدە، سەنئەتنىڭ تۈرى چەكسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى ئۇستىلىق، يۇقىرى ماھارەتكە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز. خەتتاتلىق سەنئىتى ئۇستىلىرىغا ئىچ - ئىچىمىزدىن

رەھمەتلەر ئېيتماي تۇرالمايمىز. ئەسەرلەر ئىچىدە شۇنداق ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەر باركى، ئۇلارنىڭ ماۋزۇسى، مەزمۇنى، سەنئىتى، ئالاھىدە ئۇسلۇب شەكىللىرى، نازۇك تەپەككۇرلىرى، سەھەردىسى ۋە مۆجىزىلىرىنى كۆرگىنىمىزدە چوڭقۇر زوقمەنلىك ھېس قىلىمىز. ھەربىر ئەسەرنىڭ ئۆزى بىر پۈتۈن چوڭ تەتقىقات بىلىمىدۇر. يۈكسەك ماھارەت، تىنىمسىز ئىزدىنىشلەرنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بۇ ئەسەرلەر خەلقىمىزنىڭ بايلىقى، مۈلكى، سەنئەت مەدەنىيىتىمىز خەزىنىسىنىڭ ئالتۇن فوندى بولۇپ قالغۇسىدۇر.

خەتتات ئۇستىلىرىنى يەنە بىر قېتىم قۇتلۇقلاپ، تېنىڭلارغا ساغلاملىق، ئىشىڭلارغا يېڭى - يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەپ —

ھۆرمەت بىلەن مۇھەممەت زەئىدى
تاشكەنت، 1992 - يىل 16 - ئۆكتەبىر

## تەزىم قىلىمەن

ھاياتتا بىر ئۆمۈر ئەستە قالىدىغان ۋەقەلەر ئۇنچىۋالا كۆپ بولمايدۇ. يېقىندا مېنىڭ ھاياتىمدا ئەنە شۇنداق بىر ئۆمۈر ئەستە ساقلىنىدىغان ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق ۋەقە يۈز بەردى. ئۇ بولسىمۇ تاشكەنت شەھىرىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان «ئۇيغۇر ھۆسنخەت سەنئىتى ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى بولدى. مېنى بۇ مۇراسىمغا رەسمىي تەكلىپ قىلمىغان ھالەتتىمۇ بەرىبىر باراتتىم. چۈنكى شۇنچىلىك بىباھا سەنئەتنى كۆرمەي قېلىش ۋە بۇ خىل لەززەتتىن چەتتە قېلىش ھەركىم ئۈچۈن ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر.

قىسقىسى، مەن كۆرگەزمىگە ئۆزلۈكىمدىن بېرىپ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتىم. بۇ مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىم داۋامىدا قاتناشقان ھېچقانداق بىر مۇراسىمغا ئوخشىمايتتى. مىللىي كىيىملەرنى كىيگەن ئۇيغۇر ئۇسسۇلچى قىزلىرى مۇقامنىڭ شوخ ئاۋازلىرىغا جۆر بولۇپ، ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىشى كۆرگەزمە زالى ئىچىدىكى تاماشىبىنلارنى ئالاھىدە زوقلاندۇردى. مېھمانلار ۋە كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرغۇچىلىرى بىر - بىرىنى شادىيانىلىق بىلەن تەبرىكلەشتى. تاشكەنت شەھەرلىك 59 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچىلىرى مىللىي كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزبېك، خەنزۇ تىللىرىدا ئورۇنلىغان ئالاھىدە دېكلاماتسىيە ئويۇنلىرى يىغىن ئەھلىلىرىنى ھاياجانلاندۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن شوخ ئۇيغۇر ناۋا ئاھاڭلىرى ياڭراپ كەتتى. ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى كوللېكتىپىنىڭ كۆرگەزمە ئېچىلىش مۇراسىمىغا تەييارلىغان بېغىشلىما ناخشا - سازلىرى، ئويۇنلىرى ھەم ناغرا - سۇنايلار زال ئىچى ۋە سىرتىدا ھەيران قالارلىق سادالارنى ياڭرىتىۋەتتى. «ئەجەم»، «ناۋا»

(داۋامى 54 - بەتتە)

# قىرچىن تال

(ھېكايە)





ئابدۇللا ساۋۇت

ئاپتوبۇس يەڭگىل تەۋرىنىپ كېتىـ
ۋاتاتتى، يولۇچىلارنىڭ پاراڭلىرى
تۈگەپ، بەزىلىرى مۈگدەشكە باشلىدى،
دەبى دېرىزە ئەينىكىدىن سىرتقا
قاراپ تۇمان قاپلىغان چەكسىز بوشـ
لۇق، سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر،
يامغۇر سۈيىدە يۇيۇنۇۋاتقان تاغلار
ۋە بۈك باراقسان قارا ياغاچلارنى
تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى؛ گاھىدا
سىرتقى دۇنيادىن كۆز ئۈزۈپ تىنيا-
پىتى كۆز ئوڭىدا زاھىر بولۇپ تۇر-
غان قىزغا قاراپ قوياتتى، ئۇنىڭ
ئورنى ئالدىنقى رەتتە بولغانلىقى
ئۈچۈن ئالدىدىكى ئەينەكتىن كابىنـ
كىدىكى شوپۇر ۋە ئۇنىڭ ئوڭ تەرە-
پىدە ئولتۇرغان قىزنى ئېنىق كۆرۈپ
تۇراتتى. قىز ئىنتايىن چىرايلىق
ئىدى، ئۈرۈمچىدە مودا بولۇۋاتقان
كەڭ ئېتەكلىك گۈللۈك كۆڭلەكى زىلۋا،
خۇشپىچىم بويىغا خويمۇ ياراشقانىدى.
قارىياغاچلار كۆرۈنمەي قالدى، تا-
قىر تاغلار - ئېدىرلىقلار، سايلار تۇمان
ئاستىدا غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئەمدىلىكتە

نەبىنىڭ كۆزلىرىمۇ، پۈتكۈل پىكىر-
خىياللىرىمۇ ئاشۇ قىزدىلا قالدى، قىز
ئويچان كۆزلىرىنى ئالدىغا تىكىپ ئول-
تۇراتتى. پەقەت ئاپتوبۇس قاتتىقراق
سىلكىنگەندىلا شوپۇرغا قىيا بېقىپ
نارازىلىقىنى ئىپادىلەۋاتقاندەك قاراپ
قوياتتى.

قىز ئەتىگەن يولۇچىلاردىن كېيىن-
رەك كېلىپ ئوڭ ئول كابىنكىغا چىقىپ
ئولتۇرغاندىلا ئۇنىڭ گۈزەل جامالى
نەبىنى شېرىن خىياللارغا، بولۇپمۇ
ئۆتمۈش خاتىرىلىرىگە قايتۇرۇپ كەت-
كەنىدى.

يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋاتاتتى، ئاپ-
توبۇس ئەينەكلىرى ھەم ئېتىلدى، تاغ-
لار، يايلاقلار ۋە ئېدىرلار قارامانان
قوينىغا چۆكۈپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى.
قىز تىزلىرى ئۈستىگە قويۇۋالغان
ھۆل سومكىسىدىن نېپىزگىنە بىر
كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى،
كىتاب بەكمۇ كونىراپ كەتكەنىدى،
چەت-چۆرىلىرى تىتىلىپ-يىرتىلغان
بولۇپ قىزنىڭ قولىدا تىنىمسىز تىت-
رەپ-لەپىلدەپ تۇراتتى. ئاپتوبۇس-
نىڭ پات-پات سىلكىنىشى ئۇنىڭ
كىتابنى بىمالال ئوقۇشىغا ھالاقىت
بېرەتتى. نەبىنىڭ كۆزلىرى، پىكىر-
خىيالى ئاشۇ قىزدىلا ئىدى.

ئاپتوبۇس داۋانچىلىققا كەلگەندە
يامغۇر بىردىنلا توختاپ ھاۋا ئېچىلىپ
كەتتى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن قۇياش
پارقىراپ كۆرۈندى. ئاپتوبۇس ئەينەك-
لىرىدە ئۇنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى جۇلا-
لاندى. يىراقتىن پويىز گۈدۈكى ئاڭ-
لاندى. يولۇچىلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ
قاراشتى، ماي باكلىرى سۆرىتىلگەن
پاراۋۇز كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئۆتۈپ
كەتتى. قىز كىتابىدىن باش كۆتۈر-
مەيتتى. نەبى ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرى-
كىتىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى.
بىر چاغدا قىز شوپۇرغا قاراپ مېيىن-
غىنە كۈلدى ۋە نېمىدۇر دېدى. شو-
پۇر شۇئان ئاپتوبۇسنى توختاتتى.
قىز پەسكە چۈشتى-دە، كۆڭلىكىنىڭ
ئۇزۇن، كەڭ ئېتەكلىرىنى كۆتۈرگەن
پېتى تۇيۇق چاتقاللارنى ئارىلاپ كې-
رىپ كەتتى. تار جىلغىدىكى قەدىمىي
ئېقىن بويىدا ئەسىرلەردىن بۇيان
ياشاپ كېلىۋاتقان ئېپتىدائىي
ئورمان يامغۇردىن كېيىنكى قۇياش-
لىق ھاۋادا ياشىرىپ-تاۋلىنىپ
تۇراتتى. ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ ھەممى-
سى قىزنىڭ ھەرىكىتىدىن ھەيران
ئىدى. قىز ھايال ئۆتمەيلا چاتقاللىق
ئارىسىدىن چىقىپ كەلدى. قولىدا قىر-
چىن دەرىخىدىن سۇندۇرۇۋالغان ئىنچ-
چىكە بىر تال چىۋىق تۇراتتى، نەبى-
نىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى،
«قىرچىن!... قىرچىن تال!... بۇ قا-
نداق گەپ؟ قىز نېمە ئۈچۈن ئاتا-
يىن قىرچىن تالنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ؟
ئۇ قىرچىن تالنى ياخشى كۆرەمدۇ-يا؟»

ئاپتوبۇس يۈرۈپ كەتتى، قىز قىر-
چىن تال چىۋىقىنى كابىنكا ئەينى-
كىنىڭ بىر يېرىگە قىستۇرۇپ قويدى.
تالنىڭ نېپىز، نازۇك يوپۇرماقلىرى
دىر-دىر تىترەيتتى، قىز پات-پات
كىتابنى يېپىپ قويۇپ قىرچىن تالغا
مەھلىيالىق بىلەن تىكىلەتتى، بەزى-
دە كىتاب ئوقۇشنى پۈتۈنلەي يادى-
دىن چىقىرىپ قىرچىن تالغا تىكىل-
گىنىچە خىيال سۈرەتتى.

بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى، نەبى ئۆرۈمچىگە كېتىۋېتىپ ئاپتوبۇس ئەينىكىدىن ئاشۇ چاتقاللىقلار ئارىسىدا ئۆسكەن ئاجايىپ چىرايلىق دەرەخلەرنى كۆرگەنىدى، بۇ بىرخىل قىزىقىش تۇيغۇسى بىلەن يېنىدىكى ھەمراھىدىن سورىدى:

— ئۇ دەرەخلەرنىڭ ئىسمى نېمىدۇ؟

— ئۆزۈم ئۇقمايمەن، — دېدى ئۇ كىشى، — لېكىن ماڭىمۇ بىرسى ئۇ دالچىن دەرىخى، دېگەنىدى.

ئارقىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كىشى بېشىنى ئالدىغا سوزۇپ نەبىنىڭ قۇلىقىغا قاتتىق ئاۋازدا دېدى:

— دالچىن دېگەن ئېگىز ئۆسىدۇ، بۇ دەرەخلەرنى قىرچىن دەيدۇ، قىرچىن دەرىخى بوغۇنىمايدۇ، ئېگىز ئۆسمەيدۇ، يەنە ئون نەچچە يىلدىن كېيىن قارىسىڭىزمۇ شۇ پېتى تۇرۇۋېرىدۇ، لېكىن... ھەقىقەتەن چىرايلىق دەرەخ جۇمۇ.

قىرچىن دېگەن بۇ ئىسىم نەبىنىڭ قۇلىقىغا تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلاندى. ئۆرۈمچىدىن قايتقانىدىمۇ ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن ئاشۇ ئىپتىدائىي ئورمانلىققا تويماي قاراپ ئولتۇرغانىدى. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ قىرچىن دەرىخى ھېلىقى كىشىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۆسمەي - يوغىنىماي بىرخىل تۇرغانىدى، قىرچىن دەرىخى ئىرغايدەك تۈز، ئىنچىكە، سەرۋىدەك قامەتلىك، چىرايلىق ئۆسىدىكەن. قويۇق تاللىرى تېخىمۇ چىرايلىق ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى راست قىرچىنمۇ - ئەمەسمۇ، بۇنىسى نەبىگە ئانچە زۆرۈر ئەمەس، لېكىن ئۇ ئاشۇ دەرەخنىڭ قىرچىن ئىكەنلىكىگە ئاستا - ئاستا ئىشىنىپ قالدى. قىرچىن دەرىخى ئۇنىڭ خىيال، تەسەۋۋۇرلىرىدىكى غايىبانە ئوبرازغا ئايلاندى. ئۇ بىر گۈزەللىككە ئىنتىلەتتى، ئىشقى - پىراقىدا ئوت بولۇپ ياناتتى، ئۇ گۈزەل بولسا نەبىنىڭ خىيالىدا، تەسەۋۋۇرىدا ياشايتتى، گۈزەلنىڭ بوي - بەستى دەل ئاشۇ قىرچىنغىلا ئوخشايتتى، رەڭگى - رۇخسارىمۇ قىرچىندەك چىرايلىق ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا نەبى بىر كىتاب يازدى، كىتابىنىڭ ئىسمى «قىرچىن تال» ئىدى. كىتاب كۆپ تىراژ بىلەن نەشىردىن چىقتى، «قىرچىن تال» نەبىنىڭ داڭقىنى چىقاردى. ئۇنىڭ نامىغا ھەر جايدىن كېلىۋاتقان خەتلەرنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەيتتى، خەتلەرنى ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ يازاتتى. بەزىلەر نەبى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلاتتى، بەزىلەر كىتابتا تەسۋىرلەنگەن گۈزەل قىزنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ قېلىشنى خالايتتى، بەزىلەر مۇھەببىتىنى نەبىگە بېغىشلايتتى، توي قىلىش مۇددىئاسىنى بىلدۈرەتتى، يازغۇچىنىڭ ئۆمۈرلۈك سەپىرىدىشى، سادىق ياردەمچىسى بولۇپ قېلىشنى ئىزھار قىلاتتى. بەزىلەر كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن سۆيگەن يىگىتىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى، نەبىنىڭ جاۋابىغا ئىنتىزار بولۇۋاتقانلىقىنى قەيت قىلاتتى. نەبى ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇللۇق بىلدۈرسىلا، بىرلىرى شۇ ھامان ئىزدەپ كېلىدىكەن، بىرلىرى ئېرىدىن ئاجرىشىدىكەن. قىزلار، جۇۋانلار، ئەرلىك ئاياللاردىن كەلگەن خەتلەرگە

ئۇدۇللۇق جاۋاب خەت يېزىپ ئولتۇرۇش ئۇنى تەگلىكتە قويىدىغان، ئازابلايدىغان مۈشكۈل بىر ئىش بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى نەبىنىڭ ۋاپادار ئايالى ھەم ئوماق بالىسى بار ئىدى.

ئاپتوبۇس بىردىنلا ئىسسىپ كەتتى. دېرىزىلەردىن ئۆتتەك قىزىق شامال ئۇچۇپ كىرىشكە باشلىدى، ئاپتوبۇس توقسۇنغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. قىزنىڭ كۆڭلىكى بىلەن ئوخشاش رەڭتە تىكىلگەن نېپىز كوپتىسى ئىچىدىكى خۇشپىچىم، نازۇك گەۋدىسى ئۇنىڭ تەبىئىي گۈزەل قامىتىنى تېخىمۇ تولۇق نامايان قىلىپ تۇراتتى.

توقسۇنغا بىر كىلومېتىرچە قالغاندا ئاپتوبۇس تۇيۇقسىز توختاپ قالدى.

— سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، — دېدى شوپۇر كابىنكىدىن يولۇچىلار تەرەپكە بېشىنى چىقىرىپ، — ماتوردىن چاتاق چىقتى.

يولۇچىلار دېمىنى ئىچىدە يۇتۇپ پەسكە چۈشۈشتى، بەزىلەر يول بويىدىكى قارىياغاچ سايىسىغا يۈگۈرۈشتى، بەزىلەر توقسۇن بازىرىغا قاراپ كېتىشتى. ھاۋادىن ئوت تەپتى كېلەتتى، ئىسسىققا چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نەبى نېمە قىلىشىنى بىلمەي بىر دەم تەمتىرەپ يۈرگەندىن كېيىن بازارغا قاراپ يول ئالدى. چوڭ يول بويىدىكى ئاشخانا، دۇكانلاردا ئادەم شالاڭ ئىدى، نەبى ئۇدۇل كەلگەن بىر ئاشخانىغا كىردى.

— ۋاي- ۋۇي... ئاجايىپ ئۇچرىشىش بولدىغۇ بۇ؟، مانا، مانا سەپەر ئۈستىدە كۆرۈشۈپ قالدۇق، تېچلىقمۇ ئۇكا؟

نەبى كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، بۇندىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا تونۇشۇپ قالغان، كومپوزىتور ئابدۇكېرىم ئاكا كېلىپلا ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالغانىدى. ئىككىيلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ھال سوراشتى، ئابدۇكېرىم ئاكا ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەستىن ئۆزى ئولتۇرغان جوزىغا باشلاپ كەلدى.

— ھە، ئۇكا، ئۈرۈمچىگە يول ئالغان ئوخشىمامسەن؟

— ئۈرۈمچىدىن قايتىۋاتىمەن.

ئابدۇكېرىم ئاكا ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتقىنىنى ئېيتقاچ ئۈستەلدىكى گازىلىق سۇ بوتۇلكىسىنى نەبىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ تاغچىنىڭ ئالدىغا كەتتى. شۇ ئەسنادا نەبىنىڭ كۆزى ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى گۈزەل قىزغا چۈشتى. قىز بىر قولىدا بېغى ئۈزۈن قول سومكىسىنى، بىر قولىدا قىرچىن تال چىۋىقىنى كۆتۈرگەن پېتى بولۇڭدىكى جوزىغا بېرىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ پۈتكۈل قىياپىتى نەبىنىڭ سۆيگەن گۈزىلىگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى، كۆزلىرى ئۇنى ئالداۋاتامدىكىن، خىيالى ئازدۇرۇۋاتامدىكىن، ياكى رېئاللىقتىن ھالقىغان تەسەۋۋۇرى ئۇنى ئەخمەق قىلىۋاتامدىكىن، ياكى تۇيغۇلىرى بىرەر يوشۇرۇن سېھرىي - جادۇغا ئەسىر بولدىمىكىن، ئىشقىلىپ قىز ئۇنىڭ كۆزىگە سۆيگەن گۈزىلىنىڭ ئۆز ئەينى بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سۆيگەن مەشۇقى سەل گەۋدىلىكرەك ئىدى، بۇ قىز سەل ۋىجىك ھەم

خېلىغىلا ياش ئىدى، ئاشۇ پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭ گۈزەللىكى بىلەن بۇ قىز گويا تېرىسىنى بىر-بىرىگە چاپلاپ قويغاندەك ئوخشايتتى، نەبى ئۇ قىزنى ئۈرۈمچى بېكىتىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا كۆز ئۈزەلمەي قاراپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەمدى تولۇق چۈشەنگەندەك بولدى.

— ئابدۇكېرىم ئاكا قايتىپ كېلىۋېتىپ قىزنى كۆردى-دە، نەبىنى ئېسىدىن چىقارغاندەك ئۇدۇل قىزنىڭ ئالدىغا باردى، — مانا، مانا ئاچايىپ ئۇچرىشىشنىڭ يەنە بىرى، ھە، نۇرسىيما، داداڭ ئۈرۈمچىگە كۆنۈپ قاپتىمۇ، تېچ تۇرغاندۇ، قارا نۇرسىيما، — ئابدۇكېرىم ئاكا سۆزلەۋېتىپ قىزنى باشلاپ كەلدى ۋە نەبىنى كۆرسىتىپ، — قارا، مەن ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن يازغۇچى ئەنە، كۆز ئالدىڭدا ئولتۇرىدۇ، ئۇيا بىدۇنەبى، ئادەتتە نەبى دەپلا چاقىرىمىز، ھە، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن مەن مۇزىكا ئىشلىگىنىڭ، بىلىسەن، شۇ يىگىت.

— بىر ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ كەلدۇق، لېكىن ... — قىز ھۇپپىدە قىزاردى-دە، نەبىگە قول ئۇزارتتى، — سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا خۇشالمەن، مۇشۇنداق ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقىنىمغا ئۇزۇن بولغانىدى، بۈگۈن ئەجەبمۇ... «قىرچىن تال»نى نەچچە قېتىم ئوقۇپ تۈگەتكىنىمنى دەپ بېرەلمەيمەن، كۆرگەنسىز، بۈگۈنمۇ كابىنكىدا شۇ كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇردۇم، ھەتتا داۋانچىڭدا شوپۇرنى توختىتىپ مۇنۇ قىرچىن تالنى... مەن كىتابىڭىزنى تۇنجى قېتىم ئوقۇپلا سىزگە خەت يازغانىدىم، جاۋاب بەرمىدىڭىز، ئەمما كىتابىڭىز، مېنىڭ بىردىنبىر ھەمراھىم بولۇپ قالدى، تەقدىر دېگەن شۇ بولسا كېرەك، بۈگۈن كۆرۈشتۇق، ئەجەب ياخشى بولدى-ھە!

قىزنىڭ سۆزلۈك پېشانىسىدىن مەرۋايىتتەك دانىمۇ-دانە تەر تامچىلىرى ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى، جوزىدا ئولتۇرغانىدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىكى قىزىللىق يوقالمىدى.

— نۇرسىيما سەنئەت شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەن، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا تاماق ئۈستىدە پاراڭ سېلىپ، — ئىككى يىل بولدى، ئۆمىكىمىزدە ئىشلەۋاتىدۇ، داڭلىق ئۇسسۇلچى، دادىسى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئۆگباغ ناھىيىسىگە شۇجى قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى، يېقىندا تەشكىل ئۈرۈمچىگە يۆتكىدى، نۇرسىيما دادىسىنى يوقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

قىز يەر تېگىدىن نەبىگە تىكىلەتتى، كۆزلىرىدە مۇھەببەتنىڭ پاك، نۇرلۇق ئۇچقۇنلىرى جىلۋە قىلاتتى، لەۋلىرىدىكى بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇمىغا بىر ئىچكى ھاياجان، شادلىق يوشۇرۇنغانىدى. تاماق ئۈستىدە يەنە كەسىپ ۋە سەپەر، ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى ھەققىدە نۇرغۇن پاراڭ بولۇپ ئۆتتى، ئۇلار ئاشخانىدىن چىقىشىغا ئابدۇكېرىم ئاكا چۈشكەن ئاپتوبۇس سىگنال بېرىپ قالدى.

— بىر ساۋابنى ئالدىم، — دېدى كومپوزىتور خوشلىشىش ئالدىدا، — نۇرسىيما سىز توغرۇلۇق كۆپ سورايتتى، مەنمۇ سىزنى بىلگىنىمچە تەرىپلەپ بېرەتتىم، بۈگۈن مەن ساۋابلىق ئىش قىلدىم، بولمىسا ئىككىڭلار بىر ئاپتوبۇستا

ئولتۇرۇپمۇ تونۇشالماي قالدىكەنسىلەر، ئەمدى... خەير.

—خەير-خوش، — دېيىشتى نەبى بىلەن نۇرسىيمامۇ.

ئاپتوبۇس كەلگىچە ساينە-سالقىن جاي تېپىپ كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. نەبى قىزغا گەپمۇ قىلالماستىن كوچىنىڭ چېتى بىلەن ماڭدى، قىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ كېلەتتى، نەبى ئاقىۋەت قىزنى سوغۇق ئىچىملىك دۇكىنىغا باشلاپ كىردى. توڭلاتقۇدىن ئېلىنغان ئىككى بوتۇلكا گازلىق سۇ ئىستاكانلارغا قۇيۇلۇشقا باشلىدى، ئىككىيلەن توك شامالدۇرغۇچنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇزاققىچە ئولتۇردى.

ئاپتوبۇس يېتىپ كەلدى، قىز نەبىنىڭ يېنىدىكى ھەمراھى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇردى ۋە قىرچىن تالنى قولىدا تۇتقىنىچە نەبىگە يېقىن ئولتۇردى. ئوتتەك قىزىق ھاۋا قىرچىن تالنى سولاشتۇرۇشقا باشلىغانىدى. نەبىنىڭ ۋۇجۇدى ئاجايىپ بىر سېزىم ئىچىدە مەست ئىدى، تېنى جۇغۇلدايتتى، چۈنكى قىزنىڭ دولىسى، بىلىكى، جەينىكى، يامپىشى ئۇنىڭ بەدىنىگە تېگىشىپ تۇراتتى.

—كىچىككىمدىن كىتابخۇمار ئىدىم، دادامنىڭ كىتاب-ماتېرىياللىرىنى ئاختۇرۇپ مالىماتاك قىلىۋېتەتتىم، قوشاق چۆچەكلەرنى كۆپ ئوقۇيتتىم، كېيىنرەك نەۋرە ئاچامنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھېكايە، رومانلارنى ئوقۇيدىغان بولدۇم. بۇ پۈتۈنلەي بۇرۇنقى ئىشلار، بىر كۈنى نەۋرە ئاچامنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، ئۇ ھويلىدا يىغلاپ ئولتۇرىدۇ، ياشلىرى ئېقىپ قولىدىكى كىتابنىڭ بەتلىرىنى نەم قىلىۋېتىپتۇ، قارىسام، «قىرچىن تال» دېگەن كىتاب ئىكەن، «نېمىشقا يىغلىدىڭ؟» دېسەم، «مۇنۇ كىتابنى ئوقۇساڭ سەنمۇ يىغلايسەن» دەپلا كىتابنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويۇپ مەنزىرىگە چىقىپ كەتتى، مەن كىتابنى ئېلىپ قايتىپ چىقتىم ۋە كېچىچە كىرپىك قاقماي ئۆزرە ئولتۇرۇپ كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتتىم، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن سىزگە غايىبانە ئەقىدە باغلىدىم، ئېتىقاد قىلدىم، چوقۇندۇم. پۈتكۈل مۇھەببىتىم ۋە ھاياتىم سىزگە باغلىنىپ قالدى، سۆيگەن يىگىتىم مۇزدەك ئىدى، ئۇنىڭدىنمۇ سوۋۇدۇم، بەختىنى سىزدىن ئىزدەشكە بەل باغلىدىم، بۇ ئىزدىنىشىممۇ غايىبانە ئىدى، سىزگە خەت يازسام جاۋاب كەلمىدى، تاقەت قىلالماي نەۋرە ئاچامغا دەرد تۆككەنىدىم، يۈزۈمگە بىر شاپىلاق سالدى ۋە: «يازغۇچى دېگەن قۇرۇق گەپكە ئۇستا كېلىدۇ، سەن ئەخمەق، كۆز ئالدىڭدىكى رېئاللىققا ئېتىقاد قىل، «قىرچىن تال»نى يازغان ئۇ كىشى بەلكىم چېچى ئاقارغان، قېرى كىشىدۇ، مۇزدەك يىگىتىڭنى قولدىن چىقارما» دېدى. دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ چىداشقا مەجبۇر بولدۇم، بىر كۈنى رادىئو ئىستانسىدىكىلەر ئۆمىكىمىزگە كەلدى. ئۇلار ناخشىلارنى لېنتىغا ئالماقچى ئىدى، شۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئاكا ئىشلىگەن ئالتە ناخشا لېنتىغا ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ ناخشىنىڭ تېكىستى سىزنىڭ ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئابدۇكېرىم ئاكىدىن سىز توغرۇلۇق سوراشقا

مۇۋاپىق بولدۇم، ئابدۇكېرىم ئاكا مېنى ئوبدان چۈشەندۈردى، ئىككىمىز ھەمىشە سىز توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتۇق. شۇ چاغدىلا مەن سىزنىڭ نەۋرە ئاچام ئېيتقاندەك چېچى ئاقارغان، قېرى يازغۇچى ئەمەس ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم. بىراق ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ سىزگە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىمنى ئېيتالمايتتىم، نەۋرە ئاچامنىڭ نېمە ئۈچۈن سىزنى مەندىن قاچۇرغاندەك سۆزلەردى، قىلغانلىقىنى ھازىر چۈشەنمەيمەن ھەم چۈشەنمىشنىمۇ خالىمايمەن. شۇنداق قىلىپ مەن ئۆزۈمدىن بىھېرى سىز بىلەن غايىبانە بىللە ياشاپ كەلدىم، ئۆيدىكىلەرنىڭ مېنى ياتلىق قىلىش توغرىسىدىكى مەسلىھەت، قارارلىرىمۇ ئۆز جايىدا قالدى، ئاخىرى ئىككىمىز سەپەر ئۈستىدە ئۇچراشتۇق، تونۇشتۇق... نۇرسىيما بوش، يېقىملىق ئاۋازدا سۆزلەيتتى، نەبى ئۇنىڭ چىراي - قىياپىتىنى ياندىن كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ سۆيگەن كىشىلىرىنى ئېسىگە ئالدى، گۈزەللىكنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىدىن كەتمەي تۇرۇۋالدى.

نەبى بىر قېتىم قۇربان ھېيت ھارپىسىدا دارىلمۇئەللىمىندە ئەدەبىيات دەرسى بەرگەن ۋە ئۇنى ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە باشلاپ كىرگەن ئۇستازىنى يوقلاپ باردى. ئىككىسى كىچىككىنە مۇڭداشتى، ئەتىسى سەھەردە چوڭ جەمەگە بېرىپ ھېيت نامىزىنى ئوقىدى.

— يۈرۈڭ ئىنىم، — دېدى ئۇستاز شەھەر كوچىسىنىڭ بىر دوقمۇشىغا كەلگەندە، — سىز بىلەن بىللە كىرىپ پاتىھە ئوقۇيدىغان بىر ئۆي بار.

ئىككىسىلەن تار كوچىلارنى ئارىلاپ مېڭىپ بىر ئىشىكتىن كىرىشتى، ھويلىدا ھېيت تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش مېڭىپ يۈرگەن ئايال ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى ھەمدە ئالىي بىساتلار بىلەن بېزەلگەن كەڭ، ئازادە مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى.

— سىلىگە بىر ئەزىز مېھماننى ئېكەلدىم، — دېدى ئۇستاز دۇئا ۋە ھېيت تەبرىكلىرىدىن كېيىن، — بۇ ئىنىم شائىر، يازغۇچى ئابدۇنەبى بولىدۇ.

— ئىنىشا ئاللا، مۇئەللىم يا شائىرى ئۇزۇن بولسۇن، — دېدى ساھىبخان ئايال خۇشال كۈلۈمسىرەپ، — قۇربان ھېيتنىڭ پاتىھەسىگە كىرگەن تۇنجى مېھمان پەقەت ئىككىڭلار، مەن بەكمۇ خۇشالمەن، ئوغلىمىز ئابدۇنەبىنىڭ قەدەم تەشرىپى قۇتلۇق بولسۇن.

ساھىبخان ئايالنىڭ نەبىنى ھېلىتىن ئوغلىمىز دەپ ئاتىغىنىغا قارىغاندا بۇ ئۆيدە چوقۇم بىر قىزنىڭ بارلىقى ئېنىق ئىدى، نەبى چۈشىنىكسىز تەسىراتلار ئىلكىدە بىر دەم ئۇستازغا، بىردەم ساھىبخان ئايالغا ھەيران بولۇپ قارايتتى. ساھىبخان ئايال چاي دەملەۋاتقاندا راست دېگەندەك ئىشىكتىن گۈلدەك ياشنىغان بىر قىز كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالام!

ئۇستاز بىلەن نەبى تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىشتى.

— قىزىم، بىز كۈتكەن، يولىغا قارىغان يازغۇچى ئابدۇنەبى پاتىھە ئوقۇغىلى كىرىپتۇ، مۇئەللىم باشلاپ كەپتۇ.

قىز شۇ ھامان نەبىنىڭ ئالدىغا

كېلىپ قول ئۇزاتتى. ئىككىيلەن قىزغىن قول ئېلىشتى. قىزنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ئاللا ئىگەم بۈگۈنكىدەك بەختلىك سائەتتە سىزنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلدى.

ئانا بىلەن قىزنىڭ قىزغىن تەكەللۇپلىرى نەبىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ خىجالەتچىلىك ئىچىدە بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى، قىز ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەيتتى. ئايال ساھىبخان تاماق شىرەسىدىكى نازۇ-نېمەتلەرنى تېخىمۇ كۆپەيتتى، قىز پىيالىلارغا ناۋات سېلىپ چاي قۇيدى. مېھمانخانا ئىچىنى پات-پات جىملىق باساتتى. قىسقا-قىسقا پاراڭلار بولۇپ تۇراتتى-يۇ، ھېچكىم ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلىمەيتتى، ئىككىيلەن قۇربانلىق قويىنىڭ گۆشى پىشقىچە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇزاپ چىقىش ئالدىدا ئانىسىمۇ، قىزىمۇ «ئابدۇنەبىنى كەتكىلى قويمايمىز، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە ھېيتلىسۇن» دەپ تۇرۇۋېلىشتى. ئۇستاز «يەنە بىرقانچە شائىر بۇرادەرلىرىمىزنىڭ ئۆيىگە پاتىھە ئوقۇيمىز، شۇ يەردىن قايتىپ ئاندىن بۇ ئۆيگە كەلسۇن» دەپ نەبىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى، قىزنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى.

— مەن بىر ۋەزىپىنى ئادا قىلدىم، — دېدى ئۇستاز، ئىككىيلەن 3—4 شائىر، يازغۇچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىققاندىن كېيىن يولدا كېتىۋېتىپ، — قىزنىڭ ئىسمى گۈلسىما، ئىككىمىز بىر كافېدرادا ئىشلەيمىز، «قىرچىن تال» نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ سىزگە غايىبانە ئاشىق بولۇپ قالدى. دائىم مەندىن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى سوراپتى. مەن، ئۆز مۇشۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان، مەن ئۇ ئوقۇغان سىنىپنىڭ مەسئۇلى ئىدىم، ئەدەبىيات دەرسىنىمۇ مەن بېرەتتىم. ئۇ تېخى ياشلا يىگىت، بىر قېتىم ئۆيلەنگەن، ئاڭلىسام ھازىر بويتاق ئىمىش، دەيتتىم. ئۇ قىز ئولتۇرسا-قوپسا سىزنىڭلا گېپىڭىزنى قىلاتتى، ھەتتا سىزگە يازغان خەتلىرىنىمۇ ماڭا كۆرسىتەتتى. ئۇ سىزگە كۆپ قېتىم خەت يازغانىدى، سىزدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى، ئاخىرى ئانىسى ماڭا سىزنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۆيگە باشلاپ كىرىشىمنى ھاۋالە قىلدى، گۈلسىمانىڭ سىزگە بولغان ئىخلاسى، ئەقىدىسى، مۇھەببىتى كۈچلۈك بولغاچقا ھەممە مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرگەچكە، ئۇ ئانىنىڭ ھاۋالىسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. مەن خەت يازغىچە ئۆزىڭىز پوكېكىدە كەپقالدىڭىز، ئوبدان بولدى...

كەچتە ئۇستاز بىلەن خوشلاشقان نەبى قىزنىڭ ئۆيىگە قايتا كىرىشتىن ھېيىقىپ قالدى، خىجىل بولدى. ئۇ قىزنى تۇنجى كۆرۈشتىلا ياقتۇرۇپ قالغانىدى، ئەگەر بۇ خىل ياقتۇرۇپ قېلىش بارا-بارا كۈچىيىپ مۇھەببەت تۈسىنى ئالسا نەبى قانداق قىلىدۇ؟ كىرگىنىدىن كىرمىگىنى، ئۇ قىزنى كۆرمىگىنى ياخشىمىكىن؟ نىكاھىدا بىر ئايال، تېخى بالىسىمۇ بار تۇرسا، ئۆز-ئۆزى بىھۇدە قىيناپ، ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرسە قانداق بولىدۇ؟ نەبى شۇ ئوي بىلەن ئۇدۇل بېكەتكە باردى-دە، ئاپتوبۇسقا بىلەت ئېلىپ يېراق سەھرادىكى يۇرتىغا كېتىپ قالدى.

ئەمما ئۇ كەتكەن بىلەن يۈرىكى شەھەردە قالغانىكەن، بىر ھەپتە ئاران چىدىدى، چۈنكى ئاشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە گۈلسىمانىڭ ئەينى مەزگىللەردە يازغان خەتلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇپ چىقتى، خەتلەر قىزغىن سالام، يالقۇنلۇق مۇھەببەت ئىزھارى بىلەن تولغانىدى. نەبى شەھەرگە چاپتى. گۈلسىمانىڭ ئۆيىگە كىردى، گۈلسىمانىڭ ئانىسى ئۇنى ئوغلۇم دېسە ئوغلۇم دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى. گۈلسىمانىڭ ياتاق ھۇجرىسى قىز - يىگىتنىڭ ئۇزۇنىدىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۆھبەتلىرىنىڭ بىردىنبىر گۇۋاھچىسى بولۇپ قالدى، گۈلسىما «قىرچىن تال» نى نەبىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋارقىلىدى. بەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ياش داغلىرى بار ئىدى.

— بۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن گۈزەل زادى كىم؟

— ئۇ بۇرۇن تەسەۋۋۇرۇمدا ئىدى، مانا ئەمدى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى، بۇ ماڭا ئاللا بەرگەن مۇكاپات.

— ئاللا ماڭىمۇ ئىككى تۇرلۇك مۇكاپات بەردى، بىرى «قىرچىن تال»، بىرى سىز. مەن مۇشۇ كىتابىنى ئوقۇغان مىنۇتتىن باشلاپ ئۆزۈمنى غايىبى ئالەمدە دەپ ھېس قىلدىم، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، خەتلىرىمگە جاۋاب بەرمىسىڭىزمۇ، تەكلىپ قىلسام كەلمىسىڭىزمۇ قىلچە ئۈمىدسىزلەنمىدىم. چۈنكى ھامان بىر كۈنى تەقدىر بىزنى تېپىشتۇرىدۇ، يازغۇچى مېنى چوقۇم يىنا قتۇرۇپ قالىدۇ دەپ ئويلايتتىم. نېمە ئۈچۈن؟ مەن ئۆزۈمنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكى گۈزەللىكىگە ئىشىنەتتىم، ئىشەنچ ئادەمنى ئۈمىدۋار قىلىدۇ، راستىنى ئېيتسام مەن ئوقۇش پۈتتۈرۇپلا توي قىلغان.

«قىرچىن تال»نى ئوقۇغاندىن كېيىن ئەسەردىكى باش پېرسوناژنىڭ يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئىستەك - غايىلىرى ۋە تۇرمۇش، ھاياتقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ھاياتىمدىكى كۆڭۈلسىز نىكاھتىن پەيدا بولغان جاراھىتىمگە مەلھەم بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھاياتىمدىكى ھەممە نەرسە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى، ئەمدىلىكتە مەن ئۆزۈم كۈتكەن ۋىسال مىنۇتلىرىنىڭ پاتىراق يېتىپ كېلىشىنىلا كۈتمەكتىمەن.

— بىراق، مېنىڭ...

— بىلىمەن. مېنىڭ ئايالىم، بالام بار دېمەكچىمۇسىز، ئەمما مەن ئىككىمىزنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسى يولىدىكى ھەرقانداق توسالغۇلارنى يوقىتىش يولىدا كۈرەش قىلىشقا تەييارمەن!...

شۇنىڭدىن كېيىن نەبى شەھەرگە ئايمۇ - ئاي بېرىپ تۇردى، گۈلسىمانىڭ مۇھەببىتى ئۇنى مەجنۇنغا ئايلاندۇردى، بىراق، ئايالى ئۇنىڭ سىرىنى بىلىپ قالغانىدى... گۈلسىما نەبىنى ئۈچ يىل كۈتتى. نەبى ئايالىنى، بالىسىنى تاشلىۋېتىشكە چىدىمايتتى، گۈلسىمادىن كۆڭۈل رىشتىسىنى ئۈزۈشكىمۇ چىدىمايتتى. مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىجادىيىتى تېز يۈكسەلدى. بىراق تەقدىر نەبىگە رەھىمسىزلەرچە چاقچاق قىلىۋاتاتتى، مۇھەببەت يالقۇنى، ۋىسال ئارزۇسى ئۇنى پەيتىدە دوزاخنىڭ ھەممىسىگە بىر

قېتىمدىن تاشلاپ ئازابلاپ چىقتى. ھىجران جېنىمنى قىينىمدى، پىراق ۋۇجۇدىمنى كۆل قىلدى.

— تاكى مۇشۇ دەقىقىلەرگىچە مەن سىزنىڭ غايىبانە مۇھەببىتىڭىزدە كۆيۈپ كۆل بولۇپ كەلدىم.

بۇ — نۇرسىيمانىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىدەك يېقىملىق، مۇڭلۇق ئاۋازى نەبىنى گۈلسىيما توغرىسىدىكى خىياللاردىن ئويغىتىۋەتتى، قىز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىك قاراپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىدىن، ئويناپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرىدىن نەبى سۆيگەن گۈلسىيمانىڭ ئەينەن ئوبرازىنى كۆرگىلى بولاتتى. نەبى شۇڭلاشقا يېنىدا ئولتۇرغان بۇ قىزغا ئاسانلا ئىچىكىپ قالدى.

— كىچىكىمدىن ئەركە ئۆسكەنلىكىم، سەنئەت ھاياتى، ئۇسسۇل كەسپى مېنى تېخىمۇ ئەركىن قىلىپ قويىدى، شۇڭا گەپنى ئۇچۇق قىلىدىغان ئادىتىم بار. سىزدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، مەن سىزدەك بىر يازغۇچىنىڭ ئايالى بولۇشنى مەڭگۈلۈك بەختىم دەپ ھېسابلايمەن، ئەمدى سىزمۇ مېنىڭ ئۈمىدىمنى يەردە قويماسسىز، بولمىسا مېنىڭ مۇھەببىتىم، ھاياتىم بەربات بولىدۇ.

نۇرسىيما سۆزلەۋېتىپ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى خۇددى نەبىنىڭ يۈرىكىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئۆزىنى بۇرۇختۇرمىلىق ئىچىدە تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى، چۈنكى نۇرسىيمانىڭ سۆزلىرىگە ئېنىق جاۋاب بېرىش نەبىگە ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى.

يول ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى، نۇرسىيما ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ قالدى ۋە ئاز ئۆتمەي مۈگدەشكە باشلىدى، بېشىنى، گەۋدىسىنى ئىختىيارسىز نەبى تەرەپكە تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى. قاپقارا، قويۇق بۇدۇر چاچلىرى نەبىنىڭ يۈزىگە، قۇلىقىغا، ئېڭىكىگە تېگىپ غىدىقلىسا، چاچ ھىدى، ئەتىر ھىدى دىماغلىرىغا گۇپۇلداپ ئۇرۇلاتتى. نەبى ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن قىمىرلىماي ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، بۇ خىل مەجبۇرىيەتنى ئۇ بىر ئۆمۈر زىممىسىگە ئېلىشقىمۇ ھامان تەييار ئىدى.

ئاپتوبۇس K شەھرىدىكى كەچرەك يېتىپ كەلدى. نەبى ئىككى كىشىلىك ياتاقنى بىر ئۆزى سېتىۋالدى. ئۇ نۇرسىيماغىمۇ ياتاق بېلىتى ئېلىپ بەردى، ئاشخانىغا باشلاپ ئاپىرىپ مېھمان قىلدى. ئىككىيلەن سالقىن ھاۋادا بىردەم سەيلىگەندىن كېيىن مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىشتى، نۇرسىيما نەبىنىڭ لۆڭگە، پايپاق، قولياغلىقىنى يۇيۇپ بەردى.

— بىر جېنىڭىزغا ئىككى كارىۋاتلىق ياتاق ئاپسىزغۇ؟

— بىرسىدە سىز ياتسىز...

— ماڭا ئاياللار ياتىقىنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ بەردىڭىزغۇ؟

— سىزنى... سىز...

— مېنى شاللاق، بۇزۇق بىرنېمە دەپ ئويلامسىز؟

— ياق.

— ئەمىسە بايىقىدەك گەپلەرنى قىلماڭ. مەن يۈرىكىمدىكىنى داداللىق بىلەن ئېيتىشقا جۈرئەت قىلدىم،

بۇ ئەيىب ئەمەس، توغرا، سىز تېخى مېنى چۈشەنمەيسىز، ئاۋۋال تويى قىلايلى، ئاندىن ھەرقانداق سىناق، ئىمتىھانلىرىڭىزغا تەييارمەن، خەير!

نۇرسىيما دومسايغىنىچە چىقىپ كەتتى. نەبى پۈتلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ ياتتى، ئۇيقۇسى كەلمىگىنىدەك ئەمەس. نۇرسىيما ئاقلىق بۇ ... ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىدەك سەپەر ئۈستىدە پەيدا بولدى - دە، نەبىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى...

ئۇنىڭ خىياللىرى خىياللارغا ئۇلاندى، گۈلسىيمانىڭ ئوبرازى كۆڭۈل ئەينىكىدە پارلايتتى. ئىككى ئوبراز، ئىككى سىيما، ئىككى مۇھەببەت بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كېتەتتى. گۈلسىيما بىلەن بولغان مۇھەببەت ئۇنتۇلغۇسىزلىقتا ئۆچىرىغاندىن كېيىن نەبى ئۇنى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئىزدىمىدى. ئەمما گۈلسىيما ئۈزمەي خەت يېزىپ تۇردى. نەبى گۈلسىيمادىن بىر يوللا ۋاز كېچەلمەيتتى. سېغىنىش تۇيغۇسى ئۇنى ئاخىرى شەھەرگە سۆرەپ كەلگەنىدى. نەبى ئۇنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرگەندە ئۇ نەبىنى قۇچاقلىۋالدى، ئىككىيلەن تەقدىرنىڭ كاجلىقىدىن نالە قىلىشتى، بەختسىز مۇھەببەتنى قۇتقۇزۇپ، ئۇنى ۋىسال قۇچىقىدا كۆلدۈرۈش ئۈچۈن يەنە پۇرسەت كۈتۈشكە ئىرادە قىلىشتى، شۇ چاغلاردا نەبىنىڭ ئايالى ئىككىنچى ئوغلىنى تۇغدى.

— ئەمدى مۈمكىن بولالمىدۇ - يوق، يەنە ئۈچ يىل كۈتىمەن، — دېدى گۈلسىيما.

ئۈچ يىل جەريانىدا ئىككىسى پات-پات ئۇچرىشىپ تۇردى. مۇھەببەت كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى، تويى قىلىشىپ بىر ئائىلە قۇرۇپ بەختلىك ياشاش ئارزۇسى بارغانسېرى چىڭىيىپ باردى. ئەپسۇسكى، نەبىنىڭ ئايالى ھامان ئۇنىڭ نىكاھىدا تۇرۇۋەردى.

— ئەمدى مەندىن رەنجىمەڭ، — دېدى گۈلسىيما ئاخىرى چوڭقۇر ئۆكۈنۈش ئىچىدە، — كۆڭۈل ئۈلتۈرسام ئۈستۈمدىكى سۆز-چۆچەكلەر كۆپىيىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ، ھەتتا قاتتىق ھاقارەتلەرگىمۇ دۇچ كەلدىم. سىزگە بولغان مۇھەببىتىم تۈپەيلى مەن سىزدىن ھېچ نەرسىمنى ئايىمىدىم، بۇ ھال كىشىلەرنىڭ مېنى پاھىشە دەپ ئاتىشىغا سەۋەب بولدى. نېمە ئامال، مەن سىزنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن، مېنى تاشلىۋەتمەڭ. ماڭا ھېسداشلىق قىلىڭ!..

گۈلسىيما ئاز ئۆتمەي ئۆزى ئىشلەۋاتقان دارىلمۇئەللىمىننىڭ قېرى مۇدىرىغا تەگدى. تەگدىشى يوق، گۈزەل گۈلسىيمانىڭ مۇھەببىتى نەبىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇۋەردى، گۈلسىيما نەبىنى ئىزدەپ تۇردى. نەبىمۇ پات-پات شەھەرگە كېلىپ تۇراتتى...

ياتاق ئىشىكى چېكىلدى. نەبى ھايـ كىچان بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، نۇرسىيما تەكەللۇپسىزلا كىرىپ كەلدى. ئۇ نېپىز، قىزىل رۇباشكا بىلەنلا ئىدى. دائىملىق ئۇسسۇل مەشىقىدە تىنىم تاپماي ھەرىكەت قىلىپ چېنىققان بەدىنى ئاجايىپ جەزبىدار ئىدى. ئىنچىكە بەللىرى، تومپايغان، تىك كۆكسى، زىلۋا ئەۋرىشىم بېلى، ئاپئاق بېجىرىم پاچاقلىرى نەبىنىڭ قەلبىنى سېھىرلەپ قويدى. مۇھەببەت، تەشنالىق ئىلكىدە ئوتتەك يانغان

كۆزلەر نەبىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېرىتىپ تاشلايدىغاندەك ئىدى. ئۇ نەبى ياتقان كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىدىكى بوش كارىۋاتقا يېرىپ ئولتۇردى. شۇ تاپتىمۇ ئۇ نەبىنىڭ ئالدىدا گۈلسىمانىڭ ئۆزىدەكلا كۆرۈنەتتى. غەيرىي بىر سېزىم نەبىنىڭ ئەسەبىي تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاشقا باشلىدى، لېكىن قىزنىڭ بايا قىلغان سۆزلىرى ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە مۈگدەك باسقاندەك كۆزلىرىنى يالغاندىن يۇمۇپ يېتىۋالدى. ئاز ئۆتمەي شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ چىراغ كونۇپكىسى بېسىلدى، ياتاق ئىچىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

— بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، خېلى قاملاشتۇرىدىكەنسىز، — شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ يۇمران ئىنچىكە بارماقلار نەبىنىڭ يۈزلىرىنى سىلاشقا باشلىدى، — بايا رەنجىتىپ قويدۇم، ماڭا ئېتىبار قىلماسلىقىڭىزدىن، تاشلىۋېتىشىڭىزدىن قورقۇپ يەنە كىردىم. مەن بۇرۇنلا ئۆزۈمنى سىزگە بېغىشلىغان، ئەمما بۈگۈن سىز ئەدەبىلىك بولۇڭ. سىز يالغۇزچىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ سىز بىلەن ئۆتىمەن، بۈگۈن پەقەت...

نەبى ئۇنى روباشكىسى ئۈستىدىن قۇچاقلاپ ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيدى، قىزمۇ ئۇنى بىرنى سۆيدى-دە، ياخشى چۈش كۆرۈڭ، دەپ چىقىپ كەتتى. شىرىن دەقىقىلەر گويا چۈشتەكلا غايىب بولدى. نەبى ئازاب، شادلىق ئىچىدە ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدى.

سەپەر داۋام قىلدى، نۇرسىيما ئىنتايىن خۇشال كۆرۈنەتتى. ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلەيتتى، «قىرچىن تالدەي سۈيۈمكەسىدىن ئالاتتى، ۋاراقلايتتى، تەسىراتلىرىنى ئىزھار قىلاتتى. مۇھەببەت، توي، ئائىلە توغرىسىدا نەبىدىن جاۋاب ئېلىشقا تىرىشاتتى. گۈلسىيما تېخى يېقىندا يازغان خېتىدە: «قېرىپ بوۋاي ـ مومايغا ئايرىلمانىپ قالساقمۇ چوقۇم بىر قېتىم توي قىلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۈگۈنى توي قىلىپ، بىر ياستۇققا باش قويۇپ، ئەتىسى ئۆلۈپ كەتسەكمۇ مەيلى» دېگەنىدى. نەبى مۇنۇ يېنىدا ئولتۇرغان قىزغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ ئۇ جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ شېئىر، ھېكايە، رومان، تېلېۋىزىيە فىلىملىرى، ئەدەبىيات، ئۇسۇل، مۇزىكا ھەققىدە بىر تالاي سۆزلىدى. نۇرسىيما بېرىلىپ تىڭشايتتى ۋە گويا ئالدى ـ ئارقىسىدا ھېچكىم يوقتەك ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ نەبىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇراتتى. بەزىدە بېشىنى ئۇنىڭ دولىسىغا قويۇۋالاتتى.

سەپەر كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشتى، ئۇلار گۈزەللىك قۇچىقىدا قايتىپ كېلىشتى. نۇرسىيما ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئىشلەۋاتقان شەھەرنى بەكمۇ سېغىنىغانىدى، گۈلسىيمامۇ مۇشۇ شەھەردە ئىدى.

— يۈرۈڭ، — دېدى قىز، — ئۆيگە بارىمىز، ئاپامۇ سىزنى بىلىدۇ، تارتىنىپ قالمايسىز.

— رەھمەت، مەن كېتىۋالاي، بالىلىرىمنى بەكمۇ سېغىندىم.

— ئۇنداقتا ئىككىمىز كېلىشىۋالايلى، سىزنى مەن ئۆيۈمگە ئەكېتىمەن پاكى بولمىسا بىزنىمىنى پۇرتىڭىزغا

ئەگىنىنىڭ، بولمىدۇ، قايسىسىغا تۇرد-
سىمىز، سىزگە ئەگىشىپلا ماڭىدىم ئەمەسمە.
نەبى ماڭسا نۇرسىيمامۇ راستىتىنلا
ماڭىدىغاندەكلا قىلاتتى. نەبى ئۇنى
ئۆيىگە قانداق ئاپىرىدۇ، ئاپىلىغا
نېمە دەپ چۈشەندۈرىدۇ؟ نۇرسىيما
قەتئىي ئىدى. نەبى يۇرتىغا ماڭسىلا
ئۇمۇ بىللە مېڭىشتىن يانمايتتى. نەبى
ئاخىرى ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆندى،
چامادان، پوپكىلارنى ھامماللىغا كۆتەر-
تىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

نۇرسىيما بوسۇغىدىلا ئانىسىغا قا-
راپ قانداقتۇر بىر ئىما - ئىشارەتلەرنى
قىلدى، ئانىسى نەبىنى يۇرۇندىنلا
تونۇيدىغاندەك قىزغىن ھال سورىدى،
ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

شەھەر پاسوندا ياسالغان خۇسۇ-
سىي ئۆي كەڭ، ئازادە ئىدى. مېھ-
مانخانا ئەمەلدارلار ئاتىلىشىغا لايىق
جاھازلانغانىدى. نەبى يۇمشاق
دىۋاندا قورۇنۇپ ئولتۇراتتى. قىز
بىلەن ئانا ئۇنى كۈتۈش، مېھمان
قىلىش ئۈچۈن بارلىق ھۈنىرىنى ئىش-
قا سالماقتا ئىدى. تاماق ۋاقتىدا
نەبىگە قىزلا ھەمراھ بولدى. قىزشۇ-
نىڭ خۇشال ئىدىكى، نەبىنىڭ ئال-
دىدا ئۆزىنى ئىنتايىن ئەركىن تۇتات-
تى، كۆزلىرىدە بەخت كۈلكىسى پار-
لايتتى، نەبىمۇ ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا
ئورتاق بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ سۆي-
گەن گۈزەلى بىر قېرى ئەرنىڭ قول-
دا، پەقەت ئۇ ئايالى بىلەن ئاجرى-
شالمىسىلا ئالدىدا گۈلدەك ئېچىلىپ ئول-
تۇرغان. مۇنۇ ساھىبجامال قىز ئۇنىڭ
ئۆمۈرلۈك جۆرىسى بولۇپ قالاتتى.

كەچتە نەبى ئۈچۈن ئايرىم ھۇجرى-
غا ئورۇن راسلاندى. سەپەر ھارغىنلى-
قى ئۇنىڭ جىنىغا تەگكەن بولسىمۇ
ھېچ ئۇيقۇسى كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ بۇ
ئۆيدە ئەمەس، بەلكى گۈلسىيمانىڭ
ئۆيىدە ياتقان بولسا نېمىدېگەن
ياخشى بولاتتى - ھە! قاچان كەلسە،
گۈلسىيما ھامان ئۇنى قىزغىن قارشى
ئالاتتى. كىچىككىنە يورۇق، ئىللىق
ھۇجرىسىغا باشلايتتى، نەبى كېچىدە
بىخىراما لەززەتلىنىپ ئۇخلايتتى.
بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈن ئۇ باشقا بىر گۈ-
زەلنىڭ ئۆيىدە، ئۇنىڭغا باشقا بىر
گۈزەل ساھىبخانلىق قىلماقتا، سۆي-
گەن گۈزىلىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخ-
شايدىغان بىر قىز ئۇنى ئۆز ئۆيىدە
قوندۇرماقتا. نەبى يولدا كەلگىچە
بۇ قىزدىن: «گۈلسىيما ئاتلىق ئوقۇتقۇ-
چىنى تونۇمسىز» دەپ سوراپ باقمى-
غىنىغا ئۆكۈندى. يەنە بىر تەرەپتىن
بۇ ھەقتىكى سىرلىرىنى مەخپىي تۇتۇش
لازىملىقىنى چۈشىنىپ نۇرسىيماغا
دېمىگىنىگە خۇشال بولدى.

نۇرسىيما شەپە چىقارماي كىرىپ
نەبىنىڭ يېنىدا بىردەم ئولتۇردى.
نەبى ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئۆزى-
گە تارتتى، نۇرسىيما ئىختىيارسىز
ھالدا ئۇنىڭغا تاشلىنىپ سۆيۈشكە
باشلىدى ۋە نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك
دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.
«ئاھ خۇدا، گۈلسىيما ئۇنداق قىل-
مايتتى، بۇنداق پەيتتە بىز ئېرىم-
شىپ - چىرمىشىپ بىر تەن - بىر جان
بولۇپ كېتەتتۇق، «قىرچىن تال» دا
مەن ئاشىق بولغان غايىبانە گۈزەل-
نىڭ پۈتكۈل قىياپىتىنى، مىجەز -
خاراكتېرىنى، مۇھەببىتىنى، ئارزۇ -

ئىستەك، غايىلىرىنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن تەسۋىرلىگەنىدىم، شۈكۈرلاشقا گۈلسىيما كىتابىنى ئوقۇپ بىر نەچچە كۈنگىچە ياش تۆككەنىكەن. ھېلىمۇ ئۇ مەن تەقدىم قىلغان «قىرچىن تال»نى جېنىدىن ئەتىۋارلاپ ساقلاۋاتىدۇ، ئوقۇۋاتىدۇ. ئاھ خۇدا، نۇرسىيمامۇ شۇنداق، تېخى يەنە داۋانچىكىدىن ئېلىپ كەلگەن تالنى مېھمانخانىغا ئەكىرىپ قويدى».

— تۇرۇك، تاڭ ئاتتى.

نۇرسىيما كارىۋات يېنىدا كۈلۈپقىنا تۇراتتى، ئۇمۇ كېچىچە ئۇخلىمىغان بولسا كېرەك. شەھلا كۆزلىرىدىكى قىزىللىق تېخىچە يوقالمىغانىدى، گۈزەل چېھرىدە ئالەمچە شادلىق ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— بىرنى سۆيۈپ قوياي، ھە، تۇرۇكە، ئاپام سىزنى ئەجەب قاۋۇل، تەمكىن بالىكەن، سېنىڭ ئاشۇنداق يازغۇچىنى تاللىغانلىقىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرىدۇ، دەپ مېنىمۇ ماختىدى، ئاندىن توي ۋاقتىنى بېكىتسەڭلار، داداڭغا خەت يازايلى، دېدى. ھە، تۇرۇك ئەمدى. ئۆي ھېلى مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن تۇغقانلار، دوستلار بىلەن توشىدۇ، ئۇلار مېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى غايىبانە سۆيۈپ كەلگەن يىگىتىمنى سەپەر ئۈستىدە تېپىۋالغانلىقىمنى بىلىپ راسا ھەيران قالىدىغان بولدى-دە!

ئەتىگەنلىك ناشتا ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتتى، نەبى قايماق چاينى ئىشتىھا بىلەن ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئايالى بىلەن ئاجرىشىش ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش لازىملىقىنى ئويلاشقا باشلىدى. نۇرسىيما بىلەن ئانىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى، ئانىسى چىقىپ كەتكەندە نۇرسىيما:

— پاتراق بېشىڭىزنى ساقايتىڭ، ئىككىمىزنىڭ تويى ئاخىرلاشقان ھامان سىزنى شەھەرگە يۆتكەپ كېلىمىز. مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولىسىز ياكى گېزىتتە تەھرىرلىك قىلىسىز، خالىسىڭىز ئۆيىمىزدە كەسپىي ئىجادىيەتچى بولۇپ ئىشلەيسىز. قاراڭ، ئەنە دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ھويلىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ماڭا ئاتاپ سېلىنغان، بىسات - سەرەمجانلىرىمۇ تولۇق، جىمجىت، ئازادە ئولتۇرۇپ يازالايسىز. ئىجاد قىلالايسىز، سىز يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىسىز، مەن سەنئەت بىلەن، سىز بىلىسىز، ئەدەبىيات بىلەن سەنئەت بىرگەۋدە، ئىككىمىزمۇ بىر تەن - بىر جان، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق!

نەبىنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆز قانداقسىگە چىقىپ كەتتى، ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. «شۇنداق» دېگەن سۆز نۇرسىيمانىڭ مۇھەببىتىنى، توي قىلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلغىنىنى، رازىلىق بەرگىنى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ئىشىكتە نۇرسىيمانىڭ ئانىسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كەينىدە گۈلسىيما تۇراتتى.

— ئاچا، — نۇرسىيما ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ بوينىغا ئېسىلدى.

— ھە سىڭلىم، تېچ كەلدىڭمۇ، تاغام ئوبدان تۇرۇپتىمۇ؟

گۈلسىيما سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرى

بىردىن تەبەگە چۈشتى. نەبى نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئوڭغا يىسىرلىنىپ ئولتۇراتتى.

— سىز بۇ يەردە نېمە قىلىسىز، نەبى؟

بۇ ئاۋاز نەبىنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە بومبا پارتلىغاندەك دەھشەتلىك بىر سادا پەيدا قىلدى، نەبى بۇتتەك قېتىپ ئولتۇراتتى.

— ئاچا، بۇ... بۇ مەن بىلەن توي قىلىدىغان... شۇ، يازغۇچى شۇ.

— بىلىمەن! — گۈلسىمانىڭ چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالغانىدى، كۆزلىرى چاچراپ چىققۇدەك ھالدا چەكچەيدى، — ئابدۇنەبى مېنىڭ توي قىلىدىغان ئادىمىم، قېنى، ئۆزى دەپ باقسۇنا؟ بىز نەچچە يىلدىن بۇيان قانداق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈردۇق، ئېيتىڭا ئابدۇنەبى. بۇ ئۆيگە نېمىشقا كەلدىڭىز، نېمىشقا قوندىڭىز، نۇرسىمانى دەپمۇ؟...

نۇرسىمانىڭ ئانىسى ئۆزىنى غىپپىدە ھويلىغا ئالدى، نۇرسىما داڭ قېتىپ تۇراتتى. گۈلسىما نەبىنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كەلدى:

— يازغۇچىلارنىڭ ئىچىدە سىزدەك ئالدامچى، ئىپلاس ئادەملەرمۇ بارىكەن. نەۋرە سىڭلىم نۇرسىمانىمۇ نېمىدەپ ئالدىدىڭىز، ماھىيەتتە مېنى ئالدىدىڭىز، شۇنداقمۇ، ئىسىت! دۇنيادا بىر ئۆمۈر قىلىنغان ئىخلاس نەقەدىرىنىڭ بەرباد بولۇشىدىنمۇ ئارتۇق بەختسىزلىك بولمىسا كېرەك، خەير، سىز بىلەن ئايرىم سۆزلىشىمەن، ھازىرچە بۇ ئۆيدىن چىقىڭ! كۆزۈمدىن يوقۇلۇڭ!

— ئاچا، ئاچا ئۇنداق دېمە، مېھمان ئەمەسمۇ، ئۇ مېنىڭ... مېنىڭ...

— ياق، ئۇ سېنىڭ ئەمەس، مېنىڭ! — گۈلسىما نەبى تەرەپكە يۈزلەندى، — نېمە تۇرىسىز، چىقىڭ!

نەبى ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ قوپقان تۈگمەندەك ناھايىتى ئەستە ئورنىدىن تۇردى. ئۆيدىن، ھويلىدىن — بىر جۈپ پەرىشتىنىڭ ئالدىدىن يېنىپ چىقتى. كوچىنىڭ ئاخىرقى دوقمۇشىغا كېلىپلا ئۆزىنى تۇتالماي ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭ پوپكا - چامادانلىرى ئاشۇ ئۆيدە قېپقالغانىدى. بۇنىڭغا ھەرگىز ئۆكۈنمەيتتى، لېكىن «قىرچىن تال» ناملىق كىتاب يېزىپ، گۈلسىما بىلەن نۇرسىمادىن ئىبارەت ئىككى مۇھەببەت شاھىنىنىڭ سۆيگۈ زەنجىرىگە ئەسىر بولۇپ قېلىپ مۇشۇنداق قىسمەت، سەۋدالارغا گىرىپتار بولغىنىغا ئازابلىنىپ يىغلىدى، ئۇ يىغلاۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلدى:

— ھەي!... قىرچىن تال...

# ئىككى شېئىر

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

## شېھىتنىڭ نىداسى

ماشىنا شىخوغا يېقىنلاشقاندا،
بىر چەكسىز شېھىتلىك بولدى نامايان.
«ئاھ...» دېدىم بىردىنلا كېلىپ ئېسىمگە،
شىددەتلىك جەڭلەردە كۆز يۇمغان ئوغلان.

قەبرىلەر ئالدىدا تۇردۇم باش ئېگىپ،
قەلبىمنى ئۆرتىدى قايغۇ ۋە ھەسرەت.
دېدىمكى «شېھىتلەر، جان - جىگەرلىرىم،
كەلدىمەن سىلەرنى سېغىنىپ، ئەسلەپ.

سىلەرنى ئەسلەيدۇ ۋىجدانلىق ئىنسان،
سېغىنىش ئوتلىرى قەلبىدە يېنىپ.
سىلەرنى ئەسلەيدۇ ئانا تەڭرىتاغ،
مۇسىبەت ئىلكىدە باغرى ئۆرتىنىپ.

ئاھ، سىلەر جەڭ قىلغان تاغ - دەشتلەر ئارا،
ھۆرلۈك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.
سىلەرگە قۇت تىلەپ ئانا يۇرتۇڭلار،
قالغانتى ھىجرانىدىن ئىقبالىنى كۆرۈپ.

كۆمپەيكۇم قىلدىڭلار قانچە پوتەينى،
يامغۇردەك ئوقلاردىن قۇيۇندەك ئۆتۈپ.
قانچىلاپ كېچىلەر بۇيرۇقنى كۈتۈپ،
ياتتىڭلار چىلغىندا سازلىقتا پىتىپ...»

دەل شۇ چاغ قەبرىدىن بىر ئاۋاز ياڭراپ،
خىيالىم بىردىنلا كەتتى بۆلۈنۈپ.
«ھەي يىگىت، مىڭ رەھمەت ياخشى كۆڭلۈڭگە،
كېلىپسەن يىراقتىن بىزنى سېغىنىپ..

ئەللىك يىل بوپقالدى ياتقىلى بۇندا،
كەلمەكتە خەلقىمىز ئۇنتۇماي ئەسلەپ.
كەلمەكتە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن،
قەلبىدىن رەڭمۇ رەڭ گۈللەر دەستىلەپ.

ۋە لېكىن بەزىلەر ئەيش - ئىشرەتتە،
ھوقۇققا، مەنسەپكە مەستانە بولۇپ.
تىلغا ئېلىپ قويمىدى نامىمىزنىمۇ،
ھەممىنى بىر يولى كېتىشتى ئۇنتۇپ...

ئېيتىپ قوي شۇلارغا بىز شېھىتلارنىڭ،
سۆزىنى يۈرەككە تەڭكۈدەك قىلىپ.
بىز خالىس نىيەتلىك ئەل پەرزەنتلىرى،
بىزدە بار غۇبارسىز پاك ۋىجدان-قەلب.

تىلەيمىز سىلەرگە قۇت ۋە سائادەت،
يارىتىڭلار كۆرەشتە يېڭى بىر جاھان.
سىلەرنىڭ بەختىڭلار — بىزنىڭ بەختىمىز،
ئۆلمەيدۇ ئەل سۆيەر جەڭگىۋار ئوغلان...»

شېھىتنىڭ ئاۋازى ئۆچتى - دە، شۇدەم،
قەبرىگاھ بىردىنلا چۆمدى سۈكۈتكە.
ئويلاندىم ئولتۇرۇپ كۆزلىرىمدە ياش،
شېھىتنىڭ نىداسى ياڭدى قەلبىمدە.

ھەيرانمەن، بەزىلەر ئويناپ، يەپ-ئىچىپ،
ئۆتكۈزگەن ئۆمرىنى دەيدۇ «بەختلىك».
ھەيرانمەن، بەزىلەر مەنسەپ-قوغلىشىپ،
ياشاشنى بىلىدۇ بەكمۇ «شەرەپلىك».

مەن دەيمەن: ئەل ئۈچۈن شۇ شېھىتلاردەك،
جان پىدا قىلغانلار ھەقىقىي ئىنسان.
مەن دەيمەن: ئەلگە نەپ بەرمەي ئۆتكەنلەر،
ئانا يەر باغرىغا سىغمايدۇ ھامان...

## مىسكىن تورغاي

ئاھ، شۇنچە مۇڭلۇق،
شۇنچە ھەسرەتلىك،
زارلىقىپ، تىپىرلاپ سايرايدۇ تورغاي.
چىرايى بەك سولغۇن، ۋۇجۇدى نىمجان،
قەلبىدىن ئۇرغۇيدۇ قايغۇ، نىداسى.
ئۇ تار قەپەزگە ئۇرار ئۆزىنى،
چۈشەنمەس ھېچ بەندە ئۇنىڭ سۆزىنى.
ئۇ پەرۋاز قىلماقنى قىلىدۇ ئارمان،
چەكسىز سامادا،
باغلارنى كېزىپ.
ئۇنىڭ شىپاسى — چەكسىز تەبىئەت،
كۆڭۈلگە ئارامدۇر ۋەتەن دالاسى.

# شېئىرلار

### ئابدۇساتتار ناسىرى

## ھەسەت

ھەسەت نېمە؟
ھەسەت دېگەن ئىت!
كۈن بويى كارۋانغا
قاۋاپ چىقىدۇ.
ھەسەت نېمە؟
ھەسەت ئۇ مۈشۈك!
كۈن بويى تۆشۈكتىن
ماراپ چىقىدۇ.
ھەسەت نېمە ؟
ھەسەت ئۇ چاشقان!
كۈن بويى يۈرەكنى
غاجاپ چىقىدۇ.
ھەسەت نېمە؟
ھەسەت دېگەن ئىت!
مۈشۈك!
چاشقان!
ئۆمۈر بويى بىرىنى بىرى
قوغلاپ چىقىدۇ.

## قارا كېچىلەر

ئاھ، قارا كېچىلەر،
قارا كېچىلەر،
سەن تال-تال سۇمبۇل چاچ،
قارا قۇندۇزۇم.
سېنىڭسىز يېتىملەس،
سۆيگۈ ھېسلىرىم،
سېنىڭسىز كۆرۈنمەس،
كۆكتە يۇلتۇزۇم...
ھەسەتخور كۆزلەردىن
ساقلايسەن مېنى،
قاپقارا بۈك ئورمان
بوستان ئىچىدە.
شۈكلاشقا ساتالماس
مېنى ھېچكىممۇ،
مەن تەنھا سۆيگەچكە
يارنى كېچىدە!

## بالا

قويۇپ بەرسەك
ئۆزى تۇغۇلغان
كۆلچەككە قايتار بېلىقچانلار،
قويۇپ بەرسەك تۇغۇلغان
ئۇۋىسىغا قايتار قۇشلار.
قويۇپ بەرسەك ئادەم بالىسىنى
تۆت كوچا ئېغىزىدا
تەمتىرەپ قالار...

## كېلەچەك

كېلەچەك نەدە؟
يېڭى تۇغۇلغان پەرزەنتىمنىڭ
يۇمۇق ئالقان
يۇمۇق كۆزىدە!...

# قاباھەتلىك چۈش

(ھېكايە)





ھۆسەيىن تاش

## 1

ئالمىشىل چىراغلار بىلەن تولغان كوچا. خىرە كافىخانا. ئارقا - ئارقىدىن ئۆلىنىپ ئۆتۈۋاتقان كىچىك ماشىنىلار... قىلىنلار! بىر - بىرىنى يەۋېتىشكۈدەك قىلىپ كەتكىنىنى، قولتۇقلىشىپ ماڭسىلا بولىدىغۇ. نومۇسنى بىلمەيدىغانلار! راست، كەچ بولغاندىكەن خەقنىڭ بىر - بىرى بىلەن نېمە كارى. بۇنداق ناچار ئادەت قاچان شەكىللىنىپ قالدىكىنە؟... يا تاقىقا بېرىۋېلىشقا خېلى ماڭىدىغان بولدۇمدە! ماشىنىدىن بىرەرنى كىرا قىلغان بولسامغۇ بىردەمدىلا باراتتىم. بوپتۇلا، كېچىلىك مەنزىرىنى تاماشا قىلغاچ ماڭاي... كېچىلىك ئولتۇرۇش خېلىلا كېيىن ئاخىرلاشتى. نەجاتمۇ توي قىلىۋالدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىلى تۆت يىل، ساق - سالامەت تۆت يىل... نېمىدېگەن تېز - ھە! پەردەمۇ

توي قىلدى. ساراڭنى، ئۈرۈمچىدە قالغان بولسا بىز بۇ چاغقىچە توي قىلغان بولاتتۇق، بەكمۇ تېز ئىدى... بويتاقچىلىق. بىر ھېسابتا بويتاقچىلىق تۇزىمۇ شىمۇ بولىدىكەن.

ئىككى قەدەم ئارقىسىدا بىر قىز كېلىۋاتىدۇ، تونۇمىغىنىمنى؛ ھېلىلا بىر مەيدان تانسا ئوينىغان قىز شۇ ئەمەسمۇ؟ ئۆزىنىڭ خېلى قامالاشقان كاسا پەتكەن. يۈزلىرى شۇنچىلىك سۈزۈك، كىچىككىنە مۇدۇر-چو قۇرمۇ يوق. كۆزلىرىنىڭ خۇمالىقچۇ-تېخى. تانسىدىكى قىستاڭچىلىقتا پۇتىنىمۇ دەسسەپ سالدىم. تارتىنچاق قىزدەك قىلىدۇ. بىردەم مۇڭداشقاچ ماڭسامىمۇ يا؟... تونۇمىغان ئادەمگە نېمە دېگىلى بولسۇن؛ نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئالدى تەرەپتە يېگىتى ساقلاپ تۇرغان بولسىچۇ... ئونىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالساق، ئەتە مېنىڭ توغرامدا سۆز-چۆچەك بولسا... چىمىندە ماڭغىنىم تۈزۈك. چىرايىنىمۇ خېلى پەيزىكەن، قانداق بىر يىگىت بىلەن يۈرۈۋاتقاندۇ؟ تانسىخانىدا ئادەم كۆپ بولغاچقا، بىرنەچچە قېتىم چاپلىشىپ قالدۇق. بۇ يەردە يالغۇز ئۇچراپ قېلىشىنى كىم بىلىدۇ. ئالدىمىدا قاراپ ماڭاي. ئەستاغپۇرۇللا، ئالدى تەرەپتىن مەستلەر چىقىۋاتامدۇ-نېمە؟ قانداق بىرنېمىلەردۇ؟ دېيىشىپ قالمىغىيدىم. بۇ قىزغۇ خىيالىمدا يوق كېتىپ باردۇ... مەن مېڭىۋېرەي...

— قەيەرگە ئاپئاق قىز؟

— مۇرات!...

مېنى چاقىرىۋاتامدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەرسىنىڭ ئىسمى مۇراتمىدۇ؟ ئاناڭنى خۇمسىلار، ھەممىسى تەگىشىلىۋاپتۇ. ئالمىشىشنى، قىز مېنى چاقىرىپتۇ-دە! قېنى، گەپ قىلماي تۇراي... قىز مەندىن ئۈمىد كۈتۈۋاتقاندۇ...

— ئاغىنىلەر، خاپا بولمايسىلەر، بۇ مېنىڭ سىڭلىم ئىدى.

— كۆتەر قاسقىنىڭنى!

تۇيۇقسىز بىر تەستەك تەگدى. قارامتۇق خۇمسى كاچىتىمغا ئەجەب ئۇرۇۋالدىغۇ! ئېلىشايمۇ؟ ياق، ئاناڭنى. بىكارچىلا...

— سەن بىزنى ئەخمەق كۆرۈۋاتامسەن، ھازىر مۇرات دەپ چاقىرسا، سەن سىڭلىم دەيسەنغۇ؟!....

ئەمدى قانداق چۈشەندۈرسەم بولار؟ گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىدى. خەق ئۈچۈن بىكارلا بىر شاپىلاق يەۋالدىم. گەپ قىلماي تىكىشۋالسامچۇ؟ تەستەك يەپ بولۇپ قاچقاننىڭ پايدىسى نېمە؟

— بىز ياتاققا قايتقانتۇق...— دېدى قىز تىترەك ئاۋازدا.

— ياتاققا نېمە ئىش قىلماقچى، ھا. ھا. ھا ئىككىڭلارزە...

كۈلۈشىنى، نېمىدېگەن يىرگىنىشلىك! كۈچۈم يەتسە كاچىتىغا تازا سالغان بولسام... ھەرگىز قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئالداپ قۇتۇلۇش كېرەك.

— ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىم!...

ئوھوي، بۇ قىزمۇ ئۇستىكەنغۇ، قورقماي يىلا مېنى مۇھەببىتىم دېدى. خېلى يۈرەكلىككەن. بېچارە قىز نومۇستىن قىزىرىپ كەتتى. يۈزۈمنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىغاندا مەنمۇ قىزىرىپ كەتكەن بولسام كېرەك.

— ھەققەي ئاشىق - مەشۇق ئىكەنسىلەر. قېنى ئاغىنىلەر، بىز ماڭايلى، خەير - خوش، خۇدا قوشقان بىر جۈپلار...

جىمجىت كېچە. كېتىۋاتىمىز، ھەر ئىككىمىز ئۈنسىز. نېمە دېسەم بولار. تۇۋا، ئەجەب ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىمغۇ؟

— مەندىن رەنجىدىڭىزمۇ؟

بۇ قىز نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغاندۇ؟ مەن ئۇلار بىلەن ئوغۇل بالا تۇرۇپ ئېلىشالمىسام يەنە رەنجىشكە نېمە ھەققىم. «ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىم!...» بۇ سۆز جىسمىمنى ئېرىتىپ تاشلىغىلى تاسلا قالدى. تۇنجى قېتىم... ئەخمە قىلىقىمنى، ئۇ باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن مۇنداقچىلا دەپ قويغان تۇرسا...

— ياق، نېمىگە رەنجىيمەن؛ ئوغۇل بالا تۇرۇپ ئۇلارغا تۈزۈك گەپ قىلالمىدىم.

— ئۇنداق دېمەڭ، ھەرقانچە قىلسىڭىزمۇ ئۇلار دېگەن ئۈچ، كۈچىڭىز يەتمەيتتى. قىزلار راستىنلا ئاجىز ئىكەنمىز...

— مېنىڭ ئىسمىمنى نەدىن ئاڭلىغان؟

— ۋېچىركىدا بىرسىنىڭ سىزنى مۇرات دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلىغانتىم. خۇداغا شۈكرى، سىز بولمىغان بولسىڭىز، مەن... رەھمەت سىزگە.

رەھمەت... ئەسلىدە مەن رەھمەت ئېيتسام بولاتتى. «مېنىڭ مۇھەببىتىم!...» شۇنداقلا ئېيتىپ قويدى. بىراق شۇنداق بولسىمۇ ئادەم - ھە! ھەممە ئادەملەر مېنىڭدەك بولامدىغاندۇ؟ ئامەت! بۇ قىزنى تانسا ئوينىغاندىلا ياقتۇرۇپ قالغانتىم. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولۇپ كېتەر؟ گەپ قىلمىسا مەيلى. مېڭىۋېرەي. جىمجىتلىق، قاچانغىچە ئۈنسىز ماڭارمىز. بۇ شېرىن مىنۇتلار مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىپ كېتەرمۇ؟ ھەي، نېمىشقا دادىل گەپ قىلالمايمەن؟ مەنمۇ ئوغۇل بالا - ھە!...

## 2

بۇ شەھەرنىڭ كېچىسى نېمىدېگەن گۈزەل! قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقان ياشلار، ئالا - يېشىل چىراغلار، غۇيۇلداپ ئۆچۈۋاتقان ماشىنىلار. بۈگۈن بىزمۇ جۈپ. رەستىدە ئىككىمىز يانمۇ - يان كېتىۋاتىمىز. ئۇ مېنىڭ سۆيگىنىم. توغرىسى ئايالىم، مەڭگۈلۈك ئايالىم. ئۇ شۇنچىلىك خۇشال. بىزگە توي قىلغىلى ساق بىر ئاي بولدى. توي قىلغاندىن بۇيان بۈگۈن ئىككىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم بىرلىكتە كىنو كۆرۈشىمىز. «ئۆلمەس سۆيگۈ»، بۇ كىنو خېلى ئېسىل ئىشلىنىپتۇ.

— ھېلىقى قىز ئەجەب ۋىجدانلىق ئىكەن. باشقىلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىش ئالدىدا، پاك مۇھەببىت ئۈچۈن ياردىن سەكرىۋېلىپ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلدى.

— قانداق، قىزلار ئاشۇنداق ۋاپادار كېلەمدىكەن؟!

بىغەم كۈلكە. يۈرىكىمنىڭ قات - قېتىدىن چىققان كۈلكە. نېمىدېگەن يېقىملىق - ھە! بىز شەھەرنىڭ گۈزەل كېچىسىدە تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان. كىمتا بىتىمكىگە ئوخشاشلا... بىللە كېتىۋاتىمىز.

— بىراق، ئۇ دېگەن كىنو - دە!

90 - يىللاردا ئۇنداق قىزلارنى ئۇچراتـ
ماق تەس. قىزلارنى ۋاپادار بولسۇن
دەپ ئىشلىگەن كىنودۇ، ھەقچان.

— ۋايىيەي، قىزلار ئاشۇنداق ۋاپادار
بولىسا كىنو قىلىپ ئىشلەرمىدى؟

— سىزمۇ ئاشۇنداق قىلالامسىز؟

— قىلمايچۇ؟ ئېنى، ۋاقتى كەلسۇن.

سائەت ئون ئىككى بوپتۇ. ئۆيگە
تېزرەك بېرىۋېلىش كېرەك. يەنە ئاۋا-
رىچىلىققا يولۇقۇپ يۈرمەيلى. ئۆتـ
كەندە ئاۋارىچىلىق تۇپەيلى رەشىدە
بىلەن تونۇشۇپ توي قىلىۋالدىم.
ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيدۇ.
ھېلىقى رەزگىلەرنى بىر مېھمان قىلىپ
قويغان بولسام بوپتىكەن. قىزىق
ئىشلار... ئالدىمىزدا كىچىك ماشىنىد
دىن بىرسى تۇرامدۇ - نېمە؟ چوڭ
يول بىلەن مېڭىۋەرگەن بولساق بوپـ
تىكەن. رەشىدە بىلىكىمنى چىڭ تۇتۇ-
ۋالدى. بېچارەم قورقۇپتۇ - دە! مېنىڭ
يۈرىكىممۇ جىددىيلىشىپ گۈپۈلدەپ
سېلىشقا باشلىدىغۇ. قانداق ئىش يۈز
بېرەر، قاندىقتۇر بىر شۇملۇق بۇرنۇمـ
غا پۇراپلا تۇرىدۇ. ئەنە تۆتى
چۈشتى. تونۇيدىغان ئاغىنىلەر ئەمەسـ
تۇ؟! ئالدىمىزدا قاتارلىشىپ تۇرىدۇ.
رەشىدە نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ تۆت...
قاندىقىمۇ كۈچۈم يېتەر.

— بۇنى قەيەرگە ئېلىپ ماڭىدىڭ؟

— بۇ مېنىڭ ئايالىم، ئۆيگە
قايتىشىمىز.

— ئايالىڭ بولسا نېمە چاتىقىمىز!

— ئۇنداق قىلماڭلار ئاغىنىلەر...

چىڭراق تۇراي. بىرسى دېۋەيلەپ
كېلىۋاتىدۇ. مۇشتلىشىدىغان بولدۇق-
تە! گەپ يېمەيدىغان بىر نېمىلەركەن.

مانا ئەمىسە، «ۋايجان» پەشۋا چان
يېرىدىگە تېگىپتۇ - دە! يەردە تولغىنىپ
دومىلاندى. بىر مۇشت بىلەن بېشىم
قېيىپ، قۇلاقلىرىم غوڭۇلداپ كەتتىغۇ.
ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كەلدى...

— بولدى قىلىڭلار، بولدى قىلىڭلار،
سىلەردىن خۇش بوپ قالاي!...

— ئاستىراق ۋارقىرا، سېنى ئوبدان
خۇش قىلىپ قويىمىز.

رەشىدە قەيەردە قالغاندۇ. ئاناڭنى،
قورسىقىمغا ئەجەب دەسسىدى، رەشىدە...
مەن ئۆزۈمچە يەردە يېتىپ قالدىمغۇ.

— قويۇۋېتىش، ئادەم قېلىپىدىن
چىققانلار. بىز ئەر-خوتۇنلار، ئىپلاسلار،
قويۇۋېتىش...

رەشىدە... يىغا. يۈرەكنى ئېزىـ
دىغان ھەسرەت يىغىسى، ياق، قارشىلىق
يىغىسى. مېنىڭ پۇت - قولۇمدا جان
يوق. مىدىراپ باقاي. ئۆلۈپ كېتەمـ
دىمەن - نېمە؟ ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەسـ
تۇ. بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىپلا تۇرىدۇ.
قورسىقىمغا ئەجەب تەپتى.

— مۇرات... قويۇۋېتىش ئادەم قېلىپىـ
دىن چىققان ھايۋانلار!...

— رە...شىدە!...

ئۇلار كەتتى. رەشىدە نېمىشقا قېشىمـ
غا كەلمەيدىغاندۇ؟ ئىسىت - ئىسىت،
ئۇنى ئېلىپ كېتىپتۇ - دە! ئەمدى قانداق
قىلغۇلۇق؟ توۋا، مەن چۈش كۆرۈۋاتامـ
دىمەن... مېنى تازا نەس باستى. شۇ
تاپتا تونۇش - بىلىشتىن بىرەرسى
كېلىپ قالغان بولسا... ئورنۇمدىن
تۇراي، راست، ماشىنىدىن بىرسى
تۇيۇقسىز بېسىپ مەجەققىمنى چىقىرىـ
ۋەتسە قانداق قىلىمەن. تېزرەك
تۇراي، تېز، پۇت - قولۇمدا جان يوق.

تىنىم سۇرۇلۇپ كېتىپتۇ. ئاناڭنى، بۇرنۇمدىنمۇ قان كېتىپتۇ. مەن دۇنياغا يارىماس ئادەم بولۇپ تۇغۇلغانمۇ؟... ساقچى... ساقچى ئىدارىسىگە دېسەم... بۇ چوڭ شەھەردىن رەشىدەنى تېپىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئىسسىت، ئىسسىت...

3

بۇ شەھەر چۈش كۆردى... قالايمىقان، تولىمۇ بىمەنە بىر چۈش. توۋا، بۇ چۈشنى ئەر-خوتۇن ئىككىمىز — رەشىدە بىلەن مەندىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. ياق، ھېلىقى تۈت خۇمسىمۇ بىلىدۇ. بىرەرسىنى تونۇۋالغان بولسام... بۇ شەھەرنىڭ چۈشى، بىر رەزىل چۈش. ئادەمنىڭ ۋىجدانىنى ئازابقا سالىدىغان قاباھەتلىك چۈش. بىچارە رەشىدە، قويىنۇمدا قوزىدەك يېتىپ ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇخلىمىغان بولسا يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىنى تىڭشاپ ياتقانىدۇ. ئۇنىڭ مېنى قۇچاقلاپ تۇرغان جىسمى، ھېلىقى كېچىدىكى تۈتىنىڭ قۇچىقىدا تاڭ ئاتقۇچە ئاياق-ئاستى قىلىنغان. مەن نېمىشقا مۇشۇنداق ئايال بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىمەن، ئۇنى يەنە سۆيىمەن. نېمىشقا ئۇنىڭ بۇلغانغان جىسمىنى قۇچاقلايمەن. نېمىشقا ئاجرىشىپ كەتمەيمەن؟ ياق، ياق! رەشىدەدە گۇناھ يوق، نېمىشقا، زادى نېمىشقا شۇ كېچە خىيالىمدىن كەتمەيدۇ. بىزنى نەس باستۇرغان ھېلىقى كىنو «ئۆلمەس سۆيگۈ» يالغان، ھەممىسى يالغان! ئاشۇ كىنونى كۆرىمىز دەپ...

— ھېلىقى قىز ھەجەپ ۋىجدانلىق قىز ئىكەن. باشقىلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىش ئالدىدا، پاك مۇھەببەت ئۈچۈن ياردىن سەكرەپ ئۆلۈۋالدى.

— قانداق، قىزلار دېگەن ئاشۇنداق ۋاپادار كېلەمدىكەن؟!

... ... ...

— سىزمۇ ئاشۇنداق قىلالامسىز؟

— قىلمايچۇ، قېنى، ۋاقتى كەلسۇن.

رەشىدە ئۆلۈۋالمىغان بولسىمۇ، ئاجرىشىپ كېتەيلى دەپ تۇرۇۋالدى. قويىنۇمدا ئۇخلاۋاتقىنى رەشىدە. ئەسلىدە ھېلىقىلار رەشىدەنىڭ ئۆلۈشىگە شارائىت بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. راست، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە مەن قانداق قىلاتتىم؟ بولدى، بولدى. يەنە نېمىدەپ ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ بولمىغۇر ئىشلارنى خىيال قىلىمەن؟ رەشىدە نەچچە قېتىم ئاجرىشىپ كېتەيلى دېدى. ئۇنىمىدىم. مەن راستىنلا ئاق كۆڭۈل ئادەممۇ؟ بىلمەيمەن. ھېچنەرسىنى بىلمەيمەن. بىز ئىككىمىز ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ تۇرمۇش قۇرغان ئەمەسمۇ؟! رەشىدە... رەشىدە خۇداغا شۈكرى. ئىككىمىز ئۆلۈپ تۈگەشكەن بولساق، قانداق قىلاتتۇق. ئۆلگەن بولسا قىممۇ بوپتىكەن. ھايات دېگەن شۇنچىلىكلا نېمىكەنغۇ. ئادەملەر بۇزۇلۇپ كەتتى. ئالدىنقى كۈنىلا ئىككى ئەر، بىر ئايال پىچاق يەپ ئۆلدى. بۇنداق ئىشلار دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى يوق. ھېلىقى لۈكچەكلەر... باشقىلارنىڭ ئاياللىرىنى ئالدىدىنلا بۇلاپ كېتىدىغان كىشىلەرمۇ ئادەملەر ئارىسىدا ياشايدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى ئادەم دەپ ھېسابلىشىدۇ. ئادەملىكىنىڭ

قېلىشپى يوق... ھېلىقىلار تۆت...

— بۇنى قەيەرگە ئېلىپ ماڭىدىڭ؟

— بۇ دېگەن مېنىڭ ئاياليم. ئۆيگە قايتىشىمىز.

— ئاياليڭ بولسا نېمە چاتىقىمىز.

— قويۇۋېتىش، ئادەم قېلىپىدىن چىققان ھايۋانلار!...

رەشىدەنى سۆرەشتى. ئۇ بەكمۇ قىينالدى. مەنمۇ ھېچنەرسىنى بىلمەيتىمەن. تاياقنىمۇ تازا يېدىم. بولدى، بولدى. يەنە نېمىشقا ئاشۇ ئىشلار ئېسىمدە قالىدۇ؟ تۆت، ئۇلار توپتوغرا تۆت. تۆت ئادەمگە قانداقمۇ كۈچۈم يەتسۇن؟ ئاز تاياق يېمىدىم. ھازىر خېلى ياخشىلىنىپ قالدىم. تېخى شۇ كېچىسى رەشىدەنى ماڭا قاراركىن دەپ ئىچىمدە ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ كېتىپتىمەن. ئۇ ئۆلۈۋالىمىدى. رەشىدەدە نېمە گۇناھ، ئۇ ئۆلمەي ياشىشى كېرەك. بۇ بىر رەزىل چۈش. بۇ چوڭ شەھەرنىڭ چۈشى. لېكىن بۇ چۈش شەھەرنىڭ تەگپۈك ھالىتىنى بۇزالمىدى، بۇزالمايدۇ. ئىشلار تەبىئىي ھالدا يۈرۈشۈۋېرىدۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك. ھېلىقى تۆت ئىپلاسنى تونۇمايمەن. راست، تونۇسام قانداق قىلالايتتىم.

—قانداق، قىزلار دېگەن ئاشۇنداق ۋاپادار كېلەمدىكەن؟

رەشىدە ۋاپادارلىق قىلالماي قالدى. ئامال قانچە؟ ئەجەب ئۇيات قىلدىن - بۇيا قىقا مېڭىۋەردىمىغۇ. بىچارە رەشىدە ئۇخلىيالماي قالسۇن. ئۇيغانسىلا ئازابلىنىدۇ. نېمە، ئۇخلىما پتىمۇ - قانداق.

— رەشىدە ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟ سىزگە نېمە بولدى؟

— سىز نېمىشقا ئۇخلىمايسىز؟

— ئۇيقۇم كەلمىدى.

— ئاجرىشىپ كېتەيلى دېسەم ئۇنىمىدىڭىز.

— رەشىدە، ئۇنداق گەپنى قىلماڭ دەپ مەن سىزگە نەچچە قېتىم ئېيتتىمەن.

ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتەي، «ئۇيقۇم كەلمىدى...» بۇ سۆزنى دېمەيدىغان گەپكەن. رەشىدە قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقاندۇ. ھېلىقى كېچىسى ئۇ ئۆيگە تاڭ ئاتارغا يېقىن قايتىپ كەلدى. كىيىملىرى يىرتىلغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئۇلار ئالدى بىلەن...كېچىچە... ياق - ياق، ئاخىرىنى ئويلىماي. ئەڭ رەزىل چۈش...

— بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى.

ئۇ شۇ كۈنى تاڭ ئاتارغا يېقىن كېلىپ ئالدىمغا تىزلاندى. قېشىغا يېقىن بارسام ۋارقىرىدى.

— يېقىن كەلمەڭ! مەن بۇزۇق، سىزگە خىيانەت قىلدىم.

— ياق، رەشىدە ئۇنداق دېمەڭ.

— يېقىن كەلمەڭ!

بۇلغانغان بەدەن. ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقان... رەشىدە راستىنلا ماڭا خىيانەت قىلدىمۇ؟ باشقىلار تەرىپىدىن مەجبۇرلاندىغۇ. مەن ئەجەب بىر قىسملا بولۇپ قالدىم. روھىي دۇنيارىمنىڭ ئاللىقانداق جايلىرى تەسۋىرلىگۈسىز قالايمىقان بوشلۇق ئىچىدە. بىلمەيمەن، بەدىنىم تىترەۋاتىدۇ. شەھەرنىڭ بۇ چۈشنى كۆرگىنىگە بىر ئاي بولدى. بىر ئايدىن بۇيان كېچىسىمۇ تۈزۈك ئۇيقۇ يوق. رەشىدە بىلەن بىرگە ياتقىنىمىز بىلەن بۇرۇنقىدەك قىزغىنلىق يوق. ھەر

ئىككىمىز جىمجىت. ئۈنسىز ئازاب ئىچىدە ئۆتۈۋاتىمىز. توۋا، مەن نېمىشقا ئاشۇنداق قىلىدىغاندىمەن؟ تېخىچە ئازاب. ئازابلانمىسامۇ بولاتتى... بۇ شەھەر بۇنداق چۈشتىن قانچىنى كۆرگەندۇ. كۆرۈۋاتقاندۇ. يەنە كۆرەمدىغاندۇ، بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. هايات داۋام قىلىۋاتىدۇ. يەنە داۋام قىلىدۇ. رەشىدە ئاجرىشايلى دېسە، ئاجراشقىلى بىر دېتىمەن. كاللام قىزىپ قاپتۇ.

— هوي، سىلەرگە توي خېتى بەرگىلى بىر ئاي بولدىغۇ! يەنە نېمىدەپ كەلدىڭلار؟

— ئاجراشقىلى.

— ئاجراشقىلى؟ نېمە سەۋەبتىن؟

توي خېتى كېسىدىغان پېشقەدەم كىشىنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. يېنىپ چىقتۇق. توي قىلغىلى ئىككى ئاي بولدى. ئالدىنقى بىر ئاي تولىمۇ خۇشال-خۇرام، بەخت ئىچىدە ئۆتكەن بولسا، كېيىنكى بىر ئاي ئازاب ئىچىدە ئۆتتى. قاچانغىچە مۇشۇنداق ئازاب ئىچىدە ياشارمىز؟ ئىككى ئاي ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تولىمۇ چوڭ. تولىمۇ پەرقلىق. بىر ئايدىن بۇيان هەر ئىككىمىز گاراڭ.

— مۇشۇ كۈندە ياشلار-زە، بۈگۈنى توي قىلىپ ئەتىسىلا ئاجرىشىدىغان بولۇۋالدى.

توي قىلىپ بەخت ئەمەس، ئازابقا ئېرىشتىم. ئۇ كۈندە دېگۈدەك يۈيۈندۇ، لېكىن هەر قانچە يۈيۈنسىمۇ روھىدا پۇراقسىز، ئاۋازسىز، رەڭسىز هالەتتە شەكىللىنىۋاتقان داغنى قانداقمۇ يۇغىلى بولسۇن؟! ئۇ بوشلۇق بويىچە تۈرۈۋېرىدۇ. ياق-ياق، پاكلىق هەم رەزىللىك دېگەنلەرنى ئادەملەر ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان. ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئۆزى سۆيىدۇ هەم ئۆزى يىرگىنىدۇ. بۇ پەقەت ئادەمنىڭ ئېهتىياجى ئارقىلىقلا بەلگىلىنىدۇ. توۋا، ئادەملەر هاياتتا مۇشۇنداق ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنى ئۆزى گوللەپ ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ. ئازابلانمىسامۇ بولىدىكەنغۇ. لېكىن كۆڭلۈم يەنىلا چىقىدىن يەۋالغاندەك. مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بەرمەكچى بوپتىمەن. تۇترۇقسىز خىياللار... كۆڭلۈم بىر قىسىملا... يېرىم. ئۆزۈمگە قانچە تەسەللى بەرسەممۇ ئوخشاش.

— سىزنىڭ مەندەك بىر بۇلغانغان جىسمىمنى قانداق قوچاقلىغىڭىز كەلگەندۇ.

— رەشىدە، مەن سىزگە قانچە قېتىم دېيىمەن، ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، بولمىسا مەن...

بويىنۇمغا گىرە سېلىپ يىغلىشى... بىز يېرىم كېچىدە چۈش كۆرۈۋاتىمىز. چۈشتىن ئاخىر ئويغىنىمىز، بىراق هازىر ئەمەس. شەھەر چۈش كۆردى، ئولىمۇ بىمەنە چۈش كۆردى...

— بىز مەڭگۈ بىرگە ئۆتىمىز رەشىدە، ئەمدى مەن سىزدىن بۇرۇن ئۇخلايمەن

رەشىدەنىڭ يۈزلىرى نېمىدىچە سىلىق. چاچلىرىنىڭ يۇمشاق قىلىقچۇ. بۇ يۈزلەر، بۇ يۇمشاق چاچلار، مەن قۇچاقلاپ تۇرغان ئەۋرىشىمدەك بەدەنلەر. هېلىقى... مەن نېمىشقا ئاشۇ چۈشنىلا كۆرىدىغاندىمەن. رەشىدە شۇ تاپتا نېمىنى ئويلاۋاتقاندۇ، سوراپ باقاي، بىكارچىلا ئازابلىنىپ يۈرەمدۇ؟

— رەشىدە، نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟

— سىزنى.

— ساراڭلىقنى! نېمىدەپ مېنى ئويلايتتىڭىز؟ بىزگە نە دېگەن ئىشلارنى تەگەپ ئولتۇرىدىكەنسىز.

رەشىدە جىمىپ قالدى... شەھەرنىڭ كېچىسى، شەھەرنىڭ چۈشى رېئاللىقتا بولۇشقا ئىشەنمەيمەن. رەشىدەنى باشقىلارنىڭ ئېپقاچقانلىقى پەقەت چۈشۈمدىلا بولغان. ئۇنداقتا، ھازىر رەشىدە بىلەن بىر يوتقاندا ياتقىنىممۇ چۈشۈممىدۇ؟ رېئاللىق بىلەن چۈش ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. قاراڭغۇ كوچا. ئەتراپنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان يىراقتىكى كوچا چىرىغى.

— بۇنى قەيەرگە ئېلىپ ماڭدىڭ.

— بۇ دېگەن مېنىڭ ئايالىم، ئۆيگە قايتىشىمىز.

— ئايالىڭ بولسا نېمە چاتىقىمىز.

تۆت كۆلەڭگە رەشىدەنى سۆرەۋاتىدۇ... ئۇنى قەيەرگە ئاپارغاندۇ، تۆتىسىزە...

— يېقىن كەلمەڭ، مەن بۇزۇق. سىزگە خىيانەت قىلدىم.

رەشىدە ھەممە گەپلەرنى ئېيتىق دېگەن تۇرسا، ئىشنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق... ئۇ نېمىشقا ئۆلۈۋالمىغاندۇ؟ ياكى مەن بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەنمىكىنا؟ بەلكى شۇ بولمايدۇ. بولدى، بولدى. پاكلىق روھتىمۇ ياكى تەندىمۇ؟ تەندە بولسا ئۇ بىر ئاي جەريانىدا كۈندە دېگۈدەك يۇيۇندى. يۇيۇنغاندىمۇ بەدەنلىرى قىزىرىپ كەتكۈچە يۇيۇندى. ھېلىقىلارنىڭ جىسمىغا تەگكەن جايلارنىڭ ھەممىسى يۇيۇلدى. جىسمى پاكلاندى. روھ دېگەن چەكسىز بوشلۇق. رەشىدەنىڭ روھى ساپ، ئۇ مېنى ئويلايدۇ، مېنى سۆيىدۇ. دېمەك ئۇنىڭ روھى پاك. رەشىدە مېنى ياخشى كۆرگەندىكەن، ئۇنى پاك دەپ سۆيۈۋېرەي... ياق. توغرا چۈشىنىپ بولالمايدىغان ئىشلار ياكى بۇ خىل پاكلىقنى مەنىلا سۈرۈشتۈرۈپ يۈرەمدىغاندىمەن؟ ئۇلار تۆت، تۆت. ناۋادا رەشىدەنىڭ بويىدا قالسىچۇ؟ ياق-ياق. خۇدا ساقلىسۇن. دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ تۇراي، بولمىغۇر رەزىل خىيال...

ئادەملەر ئۆمۈر بويى بىر نەرسىگە ئىنتىلىپ ياشايدۇ. ئۇ نېمىدۇ، پاكلىقمىدۇ، خاتىرجەملىكمىدۇ ياكى مەڭگۈلۈك ياشاشمىدۇ؟ ئادەملەر ئىنتىلگەن نەرسىگە مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ. ئېھتىمال ئادەملەر ئىنتىلگەن نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىغاندۇ. ئۆلىدىغان ۋاقىتتا پانىي دۇنيادا بىر نەرسىسى قالغاندەك تۇيۇلىدۇ، ئۆلمەي ياشىسا ئىنتىلگەن نەرسىگە يېتەلمەي زېرىكىدۇ. دېمەك، ياشاش بىلەن ئۆلۈشنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوقمۇ-قانداق؟ لېكىن مەن ئۆزۈمچە پاكلىق، ئازاب، تۇرمۇش، ياشاش دېگەندەك بىمەنە تار رامكا ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرۈۋاتىمەن... بوشلۇق ئىچىدىكى — ئادەم. ئادەم ئىچىدىكى — ئازاب، ئازاب ئىچىدىكى — بوشلۇق. تۇۋا، تولىمۇ مۇرەككەپ، تولىمۇ بىمەنە، قالايمىقان خىياللار قاينىمىدا قالدىمغۇ... رەشىدەنى ئۆزۈمنىڭ ئايالى بولغاندىكىن سۆيۈۋېرىسەممۇ بولاتتى. بىراق، يەنە شۇ پاكلىق رامكىسى. مەن پاكلىق ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتقان بولۇشۇم مۇمكىن... رەشىدە

(داۋامى 59 - بەتتە)

# لىرىك شېئىرىيەت ۋە مەپتۇنكار لەززەت

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

«ئىنسان بىلىمىنىڭ ھەممە ساھەسى شېئىرىيەت بىلەن تولغان»

— پائوستوۋسكىي

## 1

شېئىرىيەت — ئىنسان ئىختىرا قىلغان پۈتۈن مەنىۋى مۆجىزە ئىچىدىكى ئۇ قەددەس مۆجىزە. ئۇ ئالەمگە كەلگەن زاماندىن تاكى دەۋرىمىزگىچە ئۈزۈلمەك ئەفسۇنكار ئىقتىدارى ۋە مەپتۇنكار سېھرىي كۈچى بىلەن ئىنسان قەلبىنى مەھلىيالىق ئىلكىدە تۇتۇپ كەلدى.

شېئىرىيەت، ئېھتىمال ئەڭ نىسپىي مەنىدە بولسىمۇ، ئىنسان ئەقلىي كۈچلىرى بىلەن بىلىم چۇغلانمىلىرىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى ئەمەس، بەلكى ھەممىدىن ئىلگىرى ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ ۋە تىلسىم تۇيغۇلىرىنىڭ ئىختىيارسىز ئەركىن تاشقىنىنى ئۆزىگە تەۋەللۇتگاھ قىلىپ مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ قەدىمكى ھەنۋۇدىلىك نۇرى ۋە ھەر بىر زامان ئۈچۈن يېپيېڭى گۈلشەن ھېسابلانغان شېئىرىيەت، ئۆز تەرەققىياتىدا ھېسسىيات ئۇچقۇنى ۋە مۇزىكىلىق ئاھاڭدارلىققا تەپەككۇر تېرەنلىكى ۋە تىل گۈزەللىكىنى بارغانسېرى يۇقىرى پەللىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ كەلدى.

شېئىرىيەت — ئىنساننىڭ تۇنجى ئۆزلۈك پەلسەپىسى ۋە ئىلىمنى ئاچتى. ئۇ تېخى ئىنساننىڭ مۇنەججىم سۈپىتىدە، كاھىندار، سالنامىچى سۈپىتىدە تارىخنامە، كاھىن سۈپىتىدە ئېتىقاد مۇئەككەللىرىنى بەرپا قىلىشىدىن خېلى كۆپ ئىلگىرىلا بارغانسېرى قانات يېيىپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەينىكىدە ئۆز ئۆزىنى ئىختىرا قىلغانلىقى بولۇپ مەيدانغا كەلگەنىدى. ئەڭ تۇنجى مۇناجات، ئېتىقاد، تەنتەنە ۋە مەرسىيە ئەڭ ھېسسىياتلىق شېئىر ئىدى. لىرىكا — «ھېسسىياتنىڭ ھېسسىياتقا سۆزلىشى» (فېيېرباخ)، پەمىچە، ئىنسان سۇبيېكتىدىن چاقنىغان تۇنجى مەنىۋى سىگنال، — تۇنجى پەلسەپەۋى ئۇچۇر بولغان بولۇشى مۇمكىن. تارىخ ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي شەكلى بولغان ئەپسانە (مىف) ۋە رىۋايەت (لېگېندا)، جۈملىدىن سىمۋول ۋە ئوبرازلاشتۇرۇلغان تارىخ — داستان (رومان) ئىنساننىڭ ھېسسىيات ئۇچقۇنلىرىنى ئەمەس، مۇھىمى ئىنسان تۇرمۇش تارىخىنىڭ ئەقلىي ئەسلىمىسىنى ۋە ھادىسىلىك تىزىمىسىنى ئەكس ئېتىش زۆرۈرىيەتلىرى بىلەن مەدەنىيەت

تارىخىغا كىرىپ كەلدى. شۇنداق، ھەم شېئىرىي شەكىلگە ئەدىبىنىڭ زېھنىي ۋە كومپوزىتسىيە ئىقتىدارى ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن داستان ژانىرىنى تارىخ تەپسىلاتلىرىغا، لىرىك شېئىرىيەتنى پەلسەپىگە يېقىن دەپ قارايمەن. ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى تارىخچىلارنىڭ مۇنەۋۋەر داستان مۇئەللىپى، پەيلاسوپلارنىڭ تەسەۋۋۇرچان لىرىك شائىر بولالىشى مۇمكىنلىكلىرىنى ئىزچىل ئىسپاتلاپ كەلدى.

ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخى خەلق قوشاقلىرى، مەشرەپ، ناخشا - بېيىتلىرى، ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك لىرىك شېئىرىي خەزىنە ئىكەنلىكىنى، يازما ئەدەبىيات ۋە كلاسسىك مۇقام نەزمىلىرىدىكى بارلىق لىرىك دۇردانىلەر خەلق لىرىك شېئىرىيىتى بازىسىدا دۇنياغا كەلگەن ۋە تاۋلانغانلىقىنى كۆرسەتتى. مىللىيەتلىك، فولكلورلۇق، تارىخىي قاتلاملىق تولۇق ئۇچۇرنىڭ چىنلىقى، بىۋاسىتىلىكى، جانلىق ۋە گۈزەللىكى خەلق لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تەشكىل قىلغان.

## 2

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بېيىت شەكلى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئەنئەنىۋى بارماق ۋەزنى بىلەن ئارۇز ۋەزنى شېئىرىي شەكلىگە قوشۇلغان يېڭىچە شېئىرىيەت شەكىللىرىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بەدىئىي قاتلام بويىچە ئۆز گۈلزارىنى داۋاملىق بېزىدى. بۇ ئۈچ خىل بېيىت شەكلى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە توختىلىمىز:

مەلۇمكى، شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى، جۈملىدىن ئۆلمەس دائىمىي شەكلى خەلق شېئىرى فولكلورى بولۇپ، بۇ «تەبىئىي چەشمە» كىشىلەر ئېتىبارىدىن چەتتە قالدۇرۇلماسلىقى كېرەك. خەلق لىرىكىسى مەشرەپ — مۇقاملىرىمىزنىڭ ئادەم ئاتىسى ۋە ھاۋا ئانىسى بولغانلىقى شۈبھىسىز. ھېلىمۇ شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شېئىرىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىرىنچى سەپەرۋەرلىك ئوبيېكتى خەلق ئاممىسىنىڭ ھېچقاچان بېسىلمەس ئەركىن ئىجادىيىتى بولۇشى كېرەك. خەلق لىرىكىسى ۋە فولكلورسىز شېئىرىيەت گۈلزارى خازانلىقتىن خالىي ئەمەس!

ئارۇز ۋەزنىدىكى ۋە كۆپ قىسمى كلاسسىك تۈس ئالغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى خەلقىمىزنىڭ كۈچلۈك تەپەككۇر ۋە يالقۇنلۇق ھېسسىياتچانلىقىغا ئىگە بەدىئىي مىراسى ۋە شېئىرىي ئەنئەنىسى بولۇپ، ئۇ يەنە ھازىرقى زامان شېئىرىيەت گۈلزارىمىزنى بېزەلدۈرۈپ تۇرماقتا.

ئەنئەنىۋى قوشاقچىلىق يىلتىزى ۋە ياۋروپا يېقىنقى زامان شېئىرىيىتى مېۋىلىرى بىرىكمىسى ئاساسىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدىن باشلاپ ھەر خىل ئەركىن بېيىت شەكلىدىكى شېئىرىي ئىجادىيەت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى تارىخىي دەھلىزىسىنى ياساندۇردى. دەۋر تېماتىكىسى تۈ-

پەيلى، بۇ خىل شېئىرنى شەكلى دەسلەپكى تولاراق ياڭراق سىياسىي - ئىجتىمائىي ئاڭنى، يېقىندىن بېرى خېلىلا سالماقلىقتىكى تەسەۋۋۇرچان ھېسسىيات ئۇچقۇن-لىرىنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلىپ بارماقتا.

يېقىنقى بىرمۇنچە يىللار مابەينىدە شېئىرنى ئىپادىلەشنىڭ بىر-مۇنچە خاس شەكىللىرى — نەسرىي شېئىر، ھازىرچە «گۇڭگا (غۇۋا)» ئىبارىسى بىلەن ئاتىلىۋاتقان شېئىر، بىر - ئىككى جۈملىلىك شېئىر قاتارلىق روھىيەتنى ئىزھار قىلىشنىڭ لىرىك بەدىئىي شەكىللىرى مەيدانغا كەلمەكتە. گەرچە نەچچە مىڭ يىللىق بەدىئىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق يېتىلگەن شېئىر شەكىللىرى ئۆتمۈشتىكى ئەنئەنىۋى شېئىرىي شەكىللەر ئومۇملۇق جەھەتتە يەنىلا يېتەكچى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ماھىيەتتە ئىنساننىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر بوشلۇقىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتكە يەتكۈزگەن يېڭى مۇمكىنچىلىكى. توغرىسىدىكى بىر ئۆرچۈر بولۇپ، ھېچقانداق تاسادىپىيلىقى يوق.

ئويلايمەنكى، شېئىرنى ئىجادىيەت ئۆز خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى ۋە روھىيەت تارىخىغا ئۇيغۇن، ئەمما شېئىرىيەت ئەنئەنىسىدىن پايدىلانغان ئۆلچەم ئۇقۇمى چەتنىڭ بولۇش، مىللىتىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك-لىرىنى ئېتىبارسىز قالدۇرۇش راسا نورمال ھادىسە بولمىسا كېرەك. چۈنكى خەلقىمىز ئۆتمۈش ئۆلچىمى ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىنلا مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نۇقسانلىرىنى يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېممىمىز سېزىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ نىسپىي مەنىدە شۇنداق، ئەلۋەتتە.

3

ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىر دېيىشتىمىز، شېئىرىيەت تارىخىمىزنىڭ قەدىمكى بىر ۋەزىن شەكلى سۈپىتىدە مىڭ يىللار داۋامىدا ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىمىزدا ئىزچىللىشىپ كەلگەن. ئۇ بىزنىڭ مۇزىكا - ئۇسسۇللىرىمىز بىلەن ئورتاق رىتىم ۋە تېمپ ھاسىل قىلىپ، داپ - زەخمەك ئۇرغۇلىرىدا ياشاپ كەلگەن. تۈرك - پارس - ئەرەب ئارۇز نەزەرىيىچىلىرى تەرىپىدىن «ئارۇز تۈركى» دەپ ئاتالغان بۇ ۋەزىن ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋەزىن نۇسخىلىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى ۋە جاھان ئارۇز شېئىرىيىتىگە تۆھپە قوشتى. ئارۇز شەكلىدىكى شېئىرنى ئىجادىيەت خەزىنىلەر كۆرۈلمە قىلىشقان شېئىرنى توپلاملار ئارقىلىق بەدىئىي ئۆرچۈر تۇسىگە كىرگەن ئۇزاق زامانلاردا ئۆز تارىخى قاتلىمىغا يارىشا بەزى چەكلىمىلەردىن خالىي بولالمىغانلىقىنى يوشۇرالمايمىز. گەرچە «ئىلمىي ئارۇز» ھەققىدە خاس ئەسەر يازغان خەلىل ئىبىن ئەخمەت، شەمس قەيس، ئەبۇنەسىر فارابى، ئەتتۇركى، ئىبىن سىنا، نەسرىددىن تۇسى، رەشىدى ۋەتۋات، ئىبنۇل ئەسىر، مەۋلانە قۇتبىددىن، ئەتا ئوللاھ ھۈسەينى، ئەلىشىر ناۋائى، مىرزا بابۇر قاتارلىق غەربىي ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيالىق ئالىم - ئۆلىمالار ئارۇز نەزەرىيىسى ۋە

ئارۇز ئەنئەنىچىلىكى توغرىسىدا بىر قاتار ئەسەرلەر يازغان، ئارۇز شېئىرىيىتىدىكى مەنە ۋە شەكىل نۇقسانلىرى ئۈستىدە مەخسۇس توختالغان بولسىمۇ، ئەمما دەشىر تىرىبونلىرى ۋە ئۇچۇر ئەپكارچىلىقىدىكى چەكلىمىلەر تۈپەيلى ئارۇز تەنقىدچىلىكى كەڭ قانات يايالمىغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئەسەرلەر ئارۇزنىڭ ۋەزىن مىزانلىرى، شەكىل ئۆلچەملىرى، ئىستىلىستىك تەلەپلەر رامكىلىرى بىلەن قاتتىق چەكلەنگەن، كلاسسىكىزم رىجىللىرىنى تەكىتلەش بىلەن ئۆز سەھىپىلىرىنى بېزىگەنىدى.

ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرىيەتنىڭ بىپايان شەكلى، ئالاھىدىلىكى ئوخشىتىش — ماجازى تەلەپنى بىپايان ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى شەرت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئوخشىتىش — ماجازى ۋاسىتىلەر شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ گۈلتاجى قىلىنغان. بۇ ھال ئۆز ئۇتۇقلىرى بىلەن بىللە، يەنە تېماتىك ۋە ماجازى تەكرارلىقنى ئېلىپ كەلگەن. مېنىڭچە، تېماتىك تەكرارلىق شۇ خىل تېمىنىڭ دائىمىي، ئىنسانىي، زورۇرىي قىممىتىنى ئەكس قىلسىمۇ، ماجازى تەكرارلىق شائىرنىڭ ئۆلمەس تېمىلارنى يېڭىدىن - يېڭى گۈزەل ماجازى شەكىلدە ئىپادىلەشتىكى ئىجادىي ماھارىتىنى كۆرسىتەتتى. كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى ئىشقىي تېمىنى پەرھات، مەجنۇن نامىغا ماجازلاشنى بۇنىڭ بىر مىسالى قىلىش مۇمكىن.

ئارۇز شېئىرىيىتى بەزىدە يۇقىرى قاتلام زىيالىيلار ئارىسىدا شېئىرىي بەيگە ۋە شېئىرىي لەززەتنىڭ خاس تۈرى بولۇپ، خەلق لىرىكىلىرى بىلەن مۇئەييەن مۇساپىدە مەشغۇلات ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر قىسمى ئارۇز شېئىرىيىتىدىكى خەلق خاراكتېرى ئامىللىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەرلىكىنى گەۋدىلەندۈردى.

ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىر مۇھىم ساھەسى بولغان ئارۇز شېئىرىيىتىدىكى گۈزەل لىرىزىم ئەنئەنىلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىرىش، ئارۇز لىرىكىلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك ژانىرى سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇش — ئۇيغۇر ئارۇز شېئىرىي مىراسلىرى ئۈستىدىن ئىجادىيەت نەزەرىيىسى، زوقلىنىش پسىخولوگىيىسى ۋە ئەنئەنىچىلىك جەھەتتە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھازىرقى مەتبۇئات شەكلىدە ئۇچۇر قىلىنىۋاتقان ئارۇز نەزمىلىرىمىزدە كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان لىرىك نەمۇنىلەر غىل - پال كۆزگە تاشلانسىمۇ، ئەمما، شېئىرىيىتىمىزنى قارماپ ئالغان نەسرىي ئىدىيىلەر بىلەن قويۇق ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي نەسىھەتكويلۇق كەيپىياتلىرى پەيدا قىلغان لىرىزىم بوھرانى ئارۇز شېئىرىيىتىمىزنىمۇ تۇرغاق، قاتمال، روھسىز، زېرىكەرلىك ھالەتكە كىرگۈزۈپ قويىدى. بىز بەزى غەزەللەرنىڭ شەكلەن «فائىلاتۇن» داپ ئۇرغۇلىرى ناھايىتى راۋان، ئەمما، مەزمۇنەن يەڭگىللەتەك ئىبارە تىزمىسى بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەسنەيمىز.

## 4

بارماق ۋەزنىدىكى شېئىرىيىتىمىز مۇشۇ ئەسىر بېشىدىكى ئىنقىلاب بورانلىرى ۋە كېيىنكى - ژۇرنال مەتبۇئاتى بىلەن بىللە مەنىۋى تۇرمۇشىمىزدا يېڭى جانلىنىش قوزغىغانىدى. ئۇ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە جاھان ئۆزگىرىشلىرى، ئىچكى ئىنقىلاب ۋە سىياسىي ھادىسىلەر بۆشۈكىدە كۆز يورۇتتى، تىل چىقاردى. سەھنە سەنئىتى ۋە داغدۇغىلىق تەشۋىقات ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە ھەمراھ بولدى. ئارقىدىنلا نەسرىي ئەدەبىيات بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ شاھانە شەكلى سۈپىتىدە بارماق ۋەزنىدىكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. ئەدەبىيات تەنقىدى ۋە سىياسىي نازارەت پات - پات بۇ خىل شېئىرىيەت گۈلزارىنى تەنتەنىلىك يىغىن مۇنبەرلىرىگە ئايلاندۇرۇپ تۇردى. بولۇپمۇ تاكى 80 - يىللارغىچە ھەر قايسى ۋىلايەت - ئوبلاستلاردا شېئىرىيەت گېزىت سەھىپىلىرىنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلى سۈپىتىدە، گېزىتچىلىك مىزانلىرى بىلەن تاللىنىپ ياكى ئۆزگەرتىلىپ كەلدى. نەتىجىدە، بىز لىرىزم ئامىللىرى تولىمۇ كەمچىل، مەنتىقى ھەتتاكى سىياسىي، ئەخلاقىي تەپەككۇرنىڭ بارماق ۋەزنى كۆپلىيەت شەكلىدىكى سۆز - جۈملە گۇرۇپپىلىرىنى يېزىشقا كۆندۇق. «سول» پىكىر ئېقىمى ئەسەبىيلەشكەندە، ھەتتا مەدھىيە، خاتىرە كۈنلىرى ۋە باشقا خىلدىكى چەكمۇۋار تېمىلاردا شېئىر زاكاز قىلىنىدىغان بولدى. بىزنىڭ ئالدىنقى ئەۋلاد شائىرلىرىمىز، ئۇلارنىڭ ئىسيانكار ئىلھام تۇپەيلى يازغان بەزى لىرىكىلىرىنى ھېسابلىمىغاندا، ئەنە شۇنداق «قېلىپقا قاراپ بۇت قۇيۇدىغان» ھەيكەلتاراشلار بولۇپ قالغانلىقىنى ئىنكار قىلىش قىيىن. ئۇلار قانداق بولمىسۇن ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان تارىخنىڭ قاتمۇ - قات مۇھىتى، روھىيىتى ۋە ئاتموسفېراسىنى «ئۇخۇمنى يېرىپ چىققان چۈجە» دەك يېرىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئېيتىش كېرەككى، ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرىيەتمۇ، ھەتتا خەلق قوشاقلىرىمۇ «كەسكىن» خاراكتېردىكى مەتبۇئات سالاھىيىتى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۆز لىرىكىلىرىنى «مېنىڭ يارىم ئىشچان يار» دەپ، بېشىغا ئېنىق كاكارلىق شەپكە كىيىشى كېرەك ئىدى!

دەرۋەقە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تىغمۇ - تىغ جەڭگىۋار ھالەتكە چۈشكەندە، لىرىزمنىڭ سىياسىي فورما بىلەن جەڭگاھتىن ئورۇن ئېلىشى نورمال ۋە زۆرۈردىي ھادىسە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. مەسىلە، مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، بىزنىڭ يېڭى زامان بارماق ۋەزنىدىكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ قىسقىغىنە ئېغىر تارىخىنى ئاڭلىق چۈشىنىش؛ ئىككىنچىدىن، شۇ بىر جەرياندا مەيدانغا كەلگەن شېئىردىي ئىجادىيەت، شېئىرىيەت ئەدىزارچىلىقى، شېئىرىيەت تەھرىرچىلىكى ۋە شېئىردىي لەززەتتىكى ۋاقتى ئۆتكەن قاراش، روھىيەت، ئۆلچەم، ئادەتنى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە بۆھران يەتكۈزىدىغان، زامان

روھىيىتى ۋە شېئىرىيەت قانۇنىيىتىگە زىت ھادىسە سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىنىشتىن ئىبارەت.

## 5

يېقىندىن بېرى، شېئىرىيىتىمىز مەنزىۋى ئىپادىلەشنىڭ يېڭى شەكىللىرىنى ئىزدىنىش يولىدا نەسرىي شېئىر (لىرىك نەسىر)، «گۈڭگا (غۇۋا)» شېئىر شەكىللىرى بىلەن گېزىت - ژۇرنال سەھىپىلىرىنى يەنە ياساندۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ ھادىسە، بىر تەرەپتىن يېڭى لىرىك ئىجادىيەت شەكلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتۈن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭى لىرىزم ئازادلىقى ئىستەكلىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان پەيتتە يۈز بەردى.

ھازىرغىچە ئۆز دىتىمىزنىڭ تۈزۈكرەك نەسرىي شېئىر توپلاملىرىمىزنىڭ نەشىر قىلىنمىغانلىقىنى ھېسابلىمىغاندا، «گۈڭگا شېئىر» مەسىلىسى بىر قەدەر ئىنكاس پەيدا قىلدى. بۇ خىل قىسقا، كۆپلەپ شەكىلنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن، تەسەۋۋۇرچان سىگناللىرى ئەركىن، مەنىسى بىر قەدەر غۇۋا بولغان شېئىرلارغا قارشى پىكىر بايان قىلغانلارمۇ، ھامىيلىق ئىپادىلىرىنى بىلدۈرگەنلەرمۇ، غۇدۇراپ قويغانلارمۇ بولۇشتى.

ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى لىرىزم قىممىتىگە تولىمۇ مۇھتاج بولۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، «گۈڭگا» شېئىرلار بۇ جەھەتتىكى «بىر پىيالە شەربەت» بولۇپ مەيدانغا كەلدى. ئۇنى غەرب ئەستېتىكىسىدىكى ئاتالما بىلەن «مودېرنىزم» دەپ ئاتالغانلىقى ۋە بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ئۈلگىلىك بولمىغان، راسا لەززەتلىك چىقمىغان بىر قىسمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى ئۇنى لىرىك شېئىرىيەتنىڭ يېڭى بىر شەكلى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا كاشىلا بولدى.

مېنىڭچە، «مودېرنىزم» ئىبارىسى ئومۇمەن تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەتنىڭ ھازىرقى زامان شەكلىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامانىدىكى مەلۇم تۈزۈمۈش ۋە سەنئەت ئېقىمىغا قارىتىلمىغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە خاس مەنىدىكى «مودېرنىزم» ئىبارىسىمۇ بار. مودا، بىناكارلىق، رەسساملىق، ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە ئەدەبىياتتا ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بولغان «مودېرنىزم» ئېقىم ياكى شەكىللىرى بار. «گۈڭگا (غۇۋا)» شېئىرىي شەكىل، مېنىڭچە، نوقۇل «مودېرنىزم»گە خاس ھادىسە بولماي، ئۇ سۇبيېكتنىڭ ئوبيېكتنى بىلىش، ئەكس ئەتتۈرۈش، سۇبيېكت تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن بىرى. «مۇساپە»ـ كۆرۈش مۇساپىسى، ئۇچۇر بېرىشنىڭ قاتلام مۇساپىسى، تەسەۋۋۇر بوشلۇقىغا ھېس قىلىش ۋە ئىپادە باغلاقلىرىنى قويۇش مۇساپىسى، ئاپتور، قەلبى ۋە كىتابخاننىڭ باغلىنىشى مۇساپىسى ... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى گۈزەللىكنىڭ ئەستېتىك كاتېگورىيىسى بولغان «غۇۋالىق»نى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئېيتىش مۇمكىنكى، مەلۇم مەنىدە، غۇۋالىق گۈزەللىك

كۆرۈنۈشىنىڭ ئەفسۇنكار ۋە مەپتۇنكار شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاتەشىن ئېستېتىك لەززەت يارىتقۇچ ئىقتىدارىغا ئىگە.

«گۈگگا (غۇۋا)» لىق، بىرىنچىدىن، مەۋجۇتلۇقنى كۆرسەتسە، ئىككىنچىدىن، مۇساپىنى كۆرسەتكەچكە، ئۇ ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قاراڭ، چىن شاھزادىسى پەرھاتقا، ئەرمەن مەلىكىسى شېرىن «چاھارنامە»دە غۇۋا كۆرۈنگەن. شېرىننىڭ مەۋجۇتلۇقى پەرھات قەلبىگە ئىشق ئۇچقۇنى سالغان بولسا، چىندىن ئەرمەنگىچە بولغان مۇساپە (باشقا مۇشكۈللۈكلەر بىلەن قوشۇلۇپ) بۇ ئۇچقۇننى پەرھات پائالىيىتى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى يانغىنغا ئايلاندۇردى. دېمەكچىمەنكى، شائىر مەۋجۇت نەرسىنى غۇۋالاشتۇرۇشى، كىتابخان غۇۋالىقتىن سىماننىڭ مەنە مېغىزلىرى چىقىشقا ئىزدىنىشى لازىم. بۇ ئىككى شەرت ئەھدىلىشەلەيدىكەن، بۇ خىل شېئىرىي شەكىل ئەدەبىياتىمىزدا يىلتىزلىشەلەيدۇ. بۇ ماھىيەتتە، يەنىلا شېئىرىيىتىمىزدە لىرىزىمنىڭ تەقدىرى بىلەن ئالاقىدار بىر تەرەپ قىلىنىدىغان ساھە.

6

شېئىرىيەت ئەنئەنىزارچىلىقىمىز — تونۇشتۇرۇش، رىكلاما (ئېلان خاراكتېرلىق تونۇشتۇرۇش)، باھا، تەنقىد، تەتقىقات، تەكلىپ - تەۋسىيە قاتارلىق ھەممە جەھەتلەردە تېخى «خارلانغان»، «ياتلاشقان» لىرىزمنى قايتا ئۆز نوپۇزىغا ئىگە قىلىش زۆرۈرىيەتلىرىنى چۇقان پەللىسىگە كۆتۈرۈشتىن خېلىلا يىراق. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى، دەل بۇنىڭ تەتۈرسىچە، لىرىزمنى بوغۇدىغان بىر قاتار غەلىتە قاراشلار ھېلىمۇ پىكىر سەتھىدىن چىقىپ كەتكەن ئەمەس.

بىر قىسىم شېئىرىيەت كۆزەتكۈچىلىرى ئوخشىمىغان شېئىرىي تۈردىكى ئەسەرلەرنى، ئوخشىمىغان ئىجادىيەت ئېقىمىغا تەۋە شېئىرلارنى ئۆزى قوبۇل قىلغان ياكى ياقلىغان بىر تۈر، بىر ئېقىمنىڭ كۆز قاراشلىرىنى مىزان قىلىپ باھالاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار «رەختنى مېتىردا، سۇيۇقلۇقنى لىتىردا» ئۆلچەيدۇ، دېگەن ئاددىي چۈشەنچىگىمۇ ھۆرمەت قىلغۇسى كەلمەيدۇ.

يەنە بىر قىسىم شېئىرىيەت كۆزەتكۈچىلىرى ئومۇمەن شېئىرىيەتنى، خۇسۇسەن لىرىك شېئىرلارنى نەسرىي ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دەرسلىكلىرىدىكى كاتېگورىيە ۋە ئىزاھلار، يېزىقچىلىق قائىدىلىرىنى ئۆلۈك پېتى ئەينەن دىزە قىلىپ كۆزىتىشىدۇ. ئۇلار: «ئەدەبىيات تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى»، «تىپىك مۇھىت ۋە تىپىك قەھرىمان» قاتارلىق ھېكايە - دراما دەرسلىكلىرى بىلەن لىرىك شېئىرىيەتكە نەزەر سالىدۇ.

يەنە بىر قىسىم شېئىرىيەت كۆزەتكۈچىلىرىمۇ بار. ئۇلار ئومۇمەن لىرىكىنى «ئۇلۇغۋار»، «قاينام - تاشقىنلىق»، «مەردپەتچان» ئىجتىمائىي - ئەخلاقىي تېمىلاردىن چەتنەشكەن «چاكىنىلىق»، «ھېس - تۇيغۇ مەستانىلىكى»، «چۈشكۈنلۈك» دەپ قارىشىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، لىرىزم چوڭ ئىجتىمائىي

تېخىمۇ كۈچلۈك لىرىك ئىقتىدار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئىبىن سىنا «كىتابۇل ئىشق» ناملىق ئەسىرىدە مۇھەببەتنى پۈتكۈل كائىناتتىكى جىسىملارنىڭ كامالەتكە، ئەۋزەللىككە، مۇكەممەللىككە ئىنتىلىشى دەپ ئېيتقانىدى. ئۇ، سۇنغان تالىنىڭ قايتا كۆكلەشكە، كېسەلچان كىشىنىڭ سالامەتلىككە بولغان ئىنتىلىشىنى ئەنە شۇنداق مۇھەببەت دەپ ئىزاھلايدۇ. مېنىڭچە، لىرىكا ماكرو ۋە مىكرو ئالەمنى، پىكىرنى قەلبلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش مۇمكىنلىكىگە ئىگە.

يەنە بىر قىسىم شېئىرىيەت داخىللىرى، مۇھەممى شائىر ۋە تەھرىرلەر، لىرىك شېئىرىيەتنىڭ ئەركىن ئىجادىي روھى ۋە ئەركىن كەيپىيات ۋە تۇرغۇلىرىدىن چۆچۈيدۇ. ئۇلار پىسخولوگىيىدىكى مەلۇم ئەقىدە بىلەن ئۆز-ئۆزىنىڭ روھىيىتىنى تىزگىنلەش، ئۆز-ئۆزىنى مۇئەييەن روھىي تۈزۈلمە سېستىمىسىدا كونترول قىلىش دېگەن يۈزلىنىشكە ئادەتلەندۈرۈشنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆرىدۇ. نەتىجىدە قاتمال، تار، ھاياتىي كۈچتىن قالغان «جان بېقىش پەلسەپىسى» نى يادرو قىلغان روھىي گارازمىغا كىرىۋېلىشنى خالايدۇ. ھەيرانمەن، سازەندە چالغۇ قورالىغا، ئۇسسۇلچى جىسمانىي بەدىنىگە، شائىر لىرىك قەلبىگە (ئاددىي تىلىغا ئەمەس) ھاۋالە قىلىپ لىرىك ئەسەر يارىتىدۇ. بۇ ئۈچ خىل سەنئەتنىڭ ھاۋالە شەرتى ئەركىن تەسەۋۋۇر ۋە ئازادە ئىدراكتىن ئىبارەت. شائىرنىڭ تىلى بىرونوبائو ئىسرىنى ئوتتا كۆيدۈرگەن جاي ئەمەس تۇرۇقلۇق، ئۇ لىرىكىغا نېمە ئۈچۈندۇر دادىل كىرەلمەي، لىرىكىنى بۆھرانغا يۈزلەندۈرۈپ قويۇشتى؟!

شېئىرىيەت ئەنتزارچىلىقىمىزدا ئىلمىي تەپەككۇر ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتكە زىت ئىللەتلەرمۇ بەزى-بەزىدە باش كۆتۈرۈپ قالىدۇ. مېنىڭچە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ھەر خىل ۋەزىن ۋە ژانىرلار ئوخشاش قەدىرلىنىدىغان، ھەر خىل ۋەزىن ۋە ژانىرلارنىڭ لىرىك ئىپادىلەش، تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرى دەخلىسىزلەنگەن، ھەر خىل ۋەزىن ۋە ژانىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي لەززەت ۋە بەدىئىي باھا، ئۆلچەم ئۆزگىچىلىكلىرى بىر قەدەر روشەنلەشكەن شارائىتتىلا ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش مۇمكىن. بۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە چەتنىڭ نەزەرىيىۋى دەستۇرلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى ۋە ئەمەلىي ئىلمىي مۇھاكىمىسىنى قانات يايدۇرۇشنى؛ لىرىك شېئىردىي ئىجادىيەتنى ھەممە جەھەتتە قوللاپ، بۇ جەھەتتىكى ئىجادىيەت كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، لىرىك ئىجادىيەتنى بۆھراندىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

## 7

شېئىرىيەت — ھېسسىياتنىڭ سىرتلىنىشى ۋە ھېسسىياتنىڭ ھېسسىيات قوزغىتىش شەكلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنىدى. ھېسسىيات تۈپەيلى لىرىزم شېئىرىيەتنىڭ تۇنجى تىنىقى ۋە دائىمىي يۈرەك سوقۇشى بولۇپ كەلگەن.

مەلۇمكى، ئىنسان پۈتۈن ھاياتىي ئىقتىدار تۈرلىرىگە، بىلىم تۈزۈل-

مىسى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە، ئۆز سۇبيېكتىنى ئوبيېكتىلەشتۈرە-
لەيدىغان ئىجتىمائىي مەخلۇق. ئۇنىڭ روھىيەت دۇنياسى كۆپ قاتلاملىق.
ئۇ پوتېنسىئال ئاڭ. ئالدىنقى ئاڭنى دائىمىي ھېسسىيات، كەيپىيات، خاھىش
ۋە ئىنتىلىش سارىيى قىلغان ھالدا، بەزى-بەزىدە ئاڭ مۇنبىرىدە مۇھا-
كىمە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ تۇرمۇش ھاسىلاتلىرىنىڭ بىر قىسىم غەيرىي ماددىي
ھېس ۋە تەسىراتلىرىنى ئۆزىنىڭ پوتېنسىئال ئاڭ ۋە ئالدىنقى ئاڭ سارى-
يىغا چۆكمە شەكلىدە تىندۇرىدۇ، جەمغۇرلايدۇ. بۇ خۇددى «ئېيىق ئىنى»
دەك ئۇنىڭغا دائىمىي، بىۋاسىتە، چىن مونولوگ ۋە كەيپىيات دەرگاھى
ھېسابلىنىدۇ. تۇرمۇش چىنلىقى ئىنسان نەزىرىدە ئۇ ھازىر كۆرگەن ۋەقە-
لىكلا بولماستىن، مۇھىمى، ئۇ كۆرگەن ياكى بىلگەن سان-ساناقسىز تۇرمۇش
ھادىسىلىرىنىڭ ئۇنىڭ روھىيەت سارىيىدىكى چۆكمىلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ.
بۇ چۆكمىلەر رېئاللىقتىن ئۇزاق ئۆمۈر بويى «تۇرمۇش تەجرىبىلىرى»،
«تۇرمۇش تەسىراتلىرى» شەكلىدە توپلانغان ۋە شۇ شەخسنىڭ كىشىلىك قارىشى
مايىلدارلىقى بويىچە ھېسسىلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ چۆكمىلەر سۇ ئاس-
تىدىكى تىنمىلاردەك تۇرغۇن ھالەتتە ئەمەس، بەلكى گاھى كۆتۈرۈلۈپ،
گاھى تۆۋەنلەپ، گاھى توپلىشىپ، گاھى تارقىلىپ تۇرىدىغان ھەرىكەتچان
زەررىلەردەك دائىمىي ھەرىكەتتە تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ بىرەر نەرسىگە نەزەر
سېلىشى، بىرەر تەسەۋۋۇرى، بىرەر كەيپىياتى ھەممىسى مۇشۇ ھەرىكەتچان
زەررىلەر ئىشتىراكى بىلەن يۈز بېرىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، سەنئەتچى قەلبىدىكى تۇرمۇش-ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشنىڭ سەنئەتچى قەلبىدىكى مەنىۋى جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت. بۇ ھەر
قەدەمدە رېئاللىق بىلەن پوتېنسىئال ئاڭنىڭ روھىيەت شەكلىدىكى چۆكمىسى
تەرىزىدە توپلىشىپ بارىدۇ. لىرىك شېئىرىيەت دەل ئۇنىڭ نۇتۇق شەكلى-
دىكى رىتىمدار ۋە ئاھاڭدار فونېتىكىلىشىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىنسان ئۆز ھېسسىياتلىرى ئارقىلىق ھېسسىيات ۋە پىكىر زەرىچىلىرى
بىلەن تويۇنغان تۇرمۇش قاراشلىرىنى بەدەن ھەرىكىتىنى ۋاسىتە قىلغان
ئۇسسۇل، تاۋۇش ۋە چالغۇ مېلودىيىسىنى ۋاسىتە قىلغان مۇزىكا، سىزىق
ۋە بوياقنى ۋاسىتە قىلغان رەسساملىق قاتارلىقلار بىلەن سىرتقا ئاشۇرىدۇ.
بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، لىرىك شېئىرىيەتنى ئىنسان ھېسسىياتلىرىنىڭ
نۇتۇق ۋاسىتە قىلىنغان ئۇسسۇلى، مۇزىكىسى، ئاپتوپورترېتى دېيىشمۇ مۇمكىن.

## 8

كلاسسىك نېمىس پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ زور ۋەكىلى گېگېل ئۆزىنىڭ
«ئېستېتىكا» ناملىق كىتابىدا لىرىك شېئىرىيەتنىڭ مەيدە تېمىلاردىن ئۆل-
مەس بەدىئىي ئەسەر يارىتىش فۇنكسىيىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن-
نىدى: لىرىك شېئىر «ئايرىم سۇبيېكتىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلىشى بولا-

غا ئىلىنغى ئۈچۈن، تولىمۇ ئاددىي مەزمۇنلارنى ئىشقا سېلىش بىلەن قانائەتلىنىدۇ»، «لىرىك شېئىر دەرھال غايىب بولۇپ كېتىدىغان ھېسسىيات، قەلب شادلىقى، چاقماقتەك غەم ـ ئەندىشىسىز مەغرۇر كۈلكە، ئىچ ئاغرىتىش، غەزەپ ۋە ھەسرەت، قىسقىسى، ھېسسىياتنىڭ تۇرمۇشنىڭ پارچە قويۇق ياكى سۇس كۆرۈنمىلىرى بىر دەقىقىدە مىڭ خىل ئۆزگىرىدىغان ھالەت ياكى بىر ـ بىرىگە تولىمۇ ئوخشىمايدىغان ئوبيېكتىپلار قوزغىغان پارچە ـ پۇرات ئۇچقۇر تەسىراتلاردىن چۆكمە ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۇزاققا بەرداشلىق بەدىئىي ئەسەر قىلىپ چىقىدۇ①».

لىرىك شېئىر دېيەت رېئاللىقنىڭ شائىر قەلبىدىكى چۆكمىلىرى، بۇ چۆكمىلەرنىڭ يېڭى رېئاللىق بىلەن سوقۇلۇشىدىن پەيدا بولغان كەيپىياتچان ھېسسىيات فونتانلىرىنىڭ ئەركىن بەدىئىي شەكلى ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق. لىرىك شېئىر دېيەتتە رېئاللىق بىردىنلا غەيرىي رېئال چۆكمىگە ئايلىنىپ، ئۇ يەنە رېئاللىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان بەدىئىي تۈسكە كىرىدۇ. روشەنلىكتىن غۇۋالىشىش ۋە غۇۋالىقتىن يېڭى روشەنلىككە يۈزلىنىشتىمۇ ئەھۋال خۇددى شۇنداق.

لىرىك شېئىر دېيەت ھېسسىياتتىن ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ، چاقماقتىن ئوت تۇتاشتۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ئىككىنچى (ھاسىلە) ھېسسىيات بىلەن تۇتاشقان ئوت بىرىنچى ھېسسىيات ۋە چاقماقتىكى ئۇچقۇندىن پەرقلىنىدۇ.

مانا مۇشۇ لىرىك شېئىر دېيەت ئۇيغۇر شېئىر دېيەتىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ كەمچىل ئامىلى بولۇپ قالغان!

بىز ئۇيغۇر شېئىر بېيىتىدە لىرىزمنى قايتىدىن تەكىتلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاسلىقىنى؛ ئۇنىڭ سۇبيېكت خاسىيەتلىرىنى؛ ئۇنىڭ پوتېنسىئاللىقىنى؛ ئۇنىڭ پارچە ـ پۇرات كۆرۈنۈشتىكى، ئەمما چىن ھېسسىياتچان تېما تېكىستلىرىنى؛ ئۇنىڭ ھېسسىياتتىن تۇغدۇرىدىغان «پىلىك»، «چاقماق»، «سىگنال» لىقىنى؛ ئۇنىڭ كۆڭۈلنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى جەلپ قىلىشچانلىقىنى؛ ئۇنىڭ غۇۋا، ئەمما گۈزەل مەۋجۇتلۇق قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مايىللىق ۋە خاھىشچانلىقىنى؛ ئۇنىڭ تېز ھەرىكەتچان ۋە ئۆزگىرىشچانلىقىنى؛ ئۇنىڭ ھېسسىياتتىن ئەقلىگە ئۆتۈشچانلىقىنى؛ ئۇنىڭ بىزار ياكى زېرىكىشلىكتىن خالىي شېئىرىي لەززەتدارلىقىنى — ھېچبولمىغاندا مۇشۇ ئون بىر نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى تەكىتلەيمىز.

لىرىزم قويۇق ھېسسىيات چەنلىقى شارائىتىدىن كۈچلۈك لىرىك شېئىرىي لەززەت پەيدا قىلىدۇ. لىرىك شېئىرىي لەززەت شېئىر دېيەتتىن زوقلانغۇچىنىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان شېئىرىي شەكىلگە كىرمىگەن شېئىرىي كەيپىيات ۋە شېئىرىي ئىدىلىك شەكلىدە بولۇپ، ئۇ سېھرىلىك جەلپكارلىققا ئىگە.

① شۇ كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 3 - توم، 191 - 192 - بەتلەرگە قاراڭ.

# تەسەللى

(ھېكايە)

## ئەنۋەر رەھىم

— قىزىم، گۆھەرخاننىڭ ئوغلىنى يوقلاپ قويۇڭلار، بىچارىنىڭ تەڭچە كۆڭلىكىلا ياتۇ...

— ...

جانان ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن ياتاقنى ئاسانلا تاپتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگىلا دېرىزە تەرەپتىكى كارىۋاتتا ياتقان بىمار خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ ياتقاندەك بوغۇق، تىترەڭگۈ ئاۋازى بىلەن ئۇنى چاقىردى:

— جانان... جانان...

چاقىرغۇچى 26 - 27 ياشلاردىكى يىگىت بولۇپ، دەل جانان يوقلىماقچى بولغان كونا قوشنىسى گۆھەرخاننىڭ يالغۇز ئوغلى ئىلھام ئىدى.

جانان پالاتىسىدىكى باشقا بىمارلار ۋە ئۇلارغا قاراۋاتقان تۇغقانلىرى بىلەن سالاملىشىپمۇ ئولتۇرمايلا ئىلھامنىڭ كارىۋىتى يېنىغا باردى. ئىلھامنىڭ سارغايغان يۈزىدە، نۇرسىز كۆزلىرىدە ۋە تىترىگەن لەۋلىرىدە ھەيرانلىق، خىجىللىق، شادلىق سۆيۈنۈشكە... ئوخشاش چىگىش ھېسسىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. نېمىشقىدۇر جانانىنىڭ يۈزىگە قارىيالمايتتى.

— ئولتۇرۇڭ جانان، ئولتۇرۇڭ، — ئىلھام دەرمانسىزلانغان تېنىنى كۆچەپ تەۋرىتىپ، ئۆرە بولماقچى بولدى.

— بولدى قوزغالماڭ، — جانان ئۇنى بىر خىل سوغۇققانلىق بىلەن مەيدىسىدىن يېنىككىنە بېسىپ قويدى. قەلبىدە بولسا كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەر، خىلمۇ - خىل پىكىرلەر داۋالغۇيتتى. ئىلھام گويا كىچىك بالىچىلىق ھايا چىمەنىنى بېسىۋالماقچى بولغاندەك ياكى جانانىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك تىترىگەن قوللىرى بىلەن دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. لېكىن شۇئان يەنە بۇ ھەرىكىتىدىن خىجىل بولغاندەك لاپپىدە جانانغا قاراپ قويدى. ئىلھامنىڭ مۇزدەك ياغاچتەك ئورۇق قولىغا تېگىش بىلەن گويا قانداقتۇر بىر ھاشاراتقا تۇيۇقسىز تېگىپ كەتكەندەك جانان بىردىنلا سىلكىنىپ تەنلىرى جۇغۇلداپ كەتتى. بىر نېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، ئىلھامنىڭ چىرايىغا قاراپ توختاپ قالدى ۋە قولىنى تارتىۋېلىشتىنمۇ يالتايدى.

ياتاقتىكى باشقا ئۈچ بىمار ۋە ئۇلارغا قاراۋاتقان ئىككى ئايالنىڭ نەزەرى جاناندىن بىراقلا ئۇلارنىڭ قولىغا يۆتكىلىپ مىختەك قادالدى.

— بۇ خېنىم ئۇنىڭ لايىقى ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى سېمىزلىكىدىن ئېڭەك گۆشلىرى ساڭگىلاپ قالغان ئايال.

— ياق قەي، ئۇ دېگەنچۇ، ئەدلىيە نازارىتىدىكى ئەخمەتجاننىڭ ئايالى، —

دېدى 36 ياشلاردىكى سېرىق، يۈزى سوزۇنچاق كەلگەن يەنە بىر ئايال. ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئاۋازىنى، ئەتەي غەلىتە بىر خىل سوزۇپ، ئالغاي كۆزلىرىنى شىپىلدىتىپ ئاچايىپ بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىۋاتقان كىشىدەك يېنىمدىكىلەرگە مەنىلىك قاراپ قويدى.

— جانان، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن... مېنى كەچۈرۈڭ...— ئىلھامنىڭ قاتتىق خىجىللىقتا قىينىلىپ تەستە ئېيتىۋاتقان سۆزلىرى بالنىستىدىكىلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

جانان دەماللىقتا ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئىختىيارسىز ھالدا ئۆتكۈر كۆزلىرى ئىلھامغا تىكىلدى. قولىنى ئىلھامنىڭ قوللىرى ئارىسىدىن قانداق تارتىۋالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. قاپقارا قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى. ئىلھامنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ۋە ھېلىقى ئىككى ئايالنىڭ كۇسۇلداشلىرى قۇلىقىغا كىرمەيتتى..

بۈگۈن ئۇنىڭ ئىلھامنى يوقلاپ كېلىشى پەقەت ئانا سۆزىنىڭ ھۆرمىتى، كونا قوشنىدارچىلىق ۋە يەنە... يۈزىسىدىن ئىدى. ئەسلى ئۇ ئىلھامنىڭ ئۆزىگە بىر نەچچە يىللاپ يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگەندىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن قويغان تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلغاچقا باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، نەچچە قېتىملاپ ئەخمەتجاننىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ ئۇرۇپ، باش-كۆزىنى قانغا بويىۋەتكەن ۋە توي كۈنى ئەتەي ماجرا چىقىرىپ جانانىنى كۆچۈرىدىغان ماشىنىلارنىڭ ئەينەكلىرىنى چېقىۋەتكەنىدى... ئۇ، بۇلارنى ھەرگىز ئەپۇ قىلمايتتى. لېكىن، ئىلھامنىڭ جۇدەپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئاجىز، بىچارە، سولغۇن ھالىنى كۆرۈپ ۋە ناماقۇللۇقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بىردىن يۇمشاپ قالدى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىلھام گويا ئېغىر بىر غەم-ئەندىشىدىن خالاس بولغان كىشىدەك يېنىك بىر تىنىۋالدى. كۆز چاناقلىرىدا سىماپتەك ياش ئەگىدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ جانانىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقى قوزغالدى. بىردىنلا قۇلاق تۈۋىدە ئانىسىنىڭ: «...بىر نەچچە كۈنلۈككىلا قاپتۇ...» دېگەن سۆزلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئىلھامغا ئېچىنىش، ئاغرىنىشقا باشلىدى. كۆڭلى پەرىشان بولدى.

ئاھ بىچارە، تېخى ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپلا... — سىزمۇ مېنى كەچۈرۈڭ، — جانان بۇ سۆزنىڭ ئۆز ئاغزىدىن قانداق قىسىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى.

ئۇ نېمىشقا ئىلھامدىن ئەپۇ سورايدۇ؟ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغىنىنى، ئەخمەتجان بىلەن توي قىلغىنىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى... بۇنىسى جانانىنىڭ ئۆزىگىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. لېكىن ئىلھام بولسا ئۆز ئالدىغا باشقىچە چۈشەنگەندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى:

— ياق، ياق، سىز نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — ئۇ ياش ئەگىگەن كۆزلىرىنى جانانغا تىكتى، لەۋلىرى تىترەيتتى،

دېمى سىقىلاتتى، سۆزلىرى قولاشمايتتى.

— مەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيمەن. مەن ئادەم ئەمەس. سىلەرگە مىڭلارچە ناماقۇل... سىلەرگە بەخت تىلەيمەن، سىلەرگە...

جانان ئىلھامىنىڭ بۈگۈن - ئەتىلا ھەتتا ئۇنىڭ كۆزىچىلا جان ئۈزۈشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىغىنىدا كۆڭلى قاتتىق پەرىشان بولدى. قەلبىنى بىر خىل قورقۇنچلۇق ۋەھىمە چۇلغىۋالدى. ئۇ قايتىماقچى بولۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. يۈرىكى رىتىمسىز دۈپۈلدەيتتى. ئازراق تەسەللى بېرىپ قويماقچى بولدى، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. خۇددى ئۆز ئاكىسىدىن ياكى يېقىن تۇغقىنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك تۈگۈندى، ئازابلاندى. يوغان قوي كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. «ئۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۆلۈپ كېتىدۇ» دېگەن تۇيغۇ قەلبىنى چۇلغىۋالدى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇدى. بالنىتسىدىكى ئادەملەر، نەرسىلەر ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. كالىسىدا غۇۋا بىر ئوي پەيدا بولدى. سېھىرلەنگەن كىشىدەك ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاستا ئالدىغا ئېگىلىشتى. ئىلھامىنىڭ قاشلىرىغىچە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى قايرىۋېتىپ خۇددى مېھرىبان ئانىلاردەك ياكى كۆيۈمچان ھەدىلەردەك ياكى سەبىي نارىسىدىدەك ئۇنىڭ پېشانىسىگە يېنىككىنە سۆيۈپ قويدى.

گويا جانانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھارارەت لەۋلىرى ئارقىلىق ئىلھامىنىڭ ئەزرائىلنىڭ كۆلەڭگىسىدە بارغانچە مۇزلاپ كېتىۋاتقان بەدىنىگە بىردىنلا ئىللىق، ئىسسىق ئېقىم تاراپ، بىلىنەر - بىلىنمەس سوقۇۋاتقان يۈرىكى يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇلغاندەك يەنە رىتىملىق دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئۇ ھاياتىدا شۇ مىنۇتقىچە سەزمىگەن، ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ شېرىن لەززەتكە، شادلىققا، بەختىيارلىققا چۆمدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بالنىتسىدا ياتقانلىقىنى، ئەزرائىلنىڭ ئالقىنىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىنى... ھەممىنى ئۇنتۇدى. ئىختىيارسىز ھالدا ياشلار تۆكۈلۈۋاتقان كۆزلىرىنى يۇمدى. قەلبىدە ئۆزى ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن لەززەتكە، چەكسىز بەختكە بولغان تەشنالىق ئوتى لاۋۇلداپ ياندى. ھېچنېمىنى سەزمەس مەستخۇش ھالەتتە ئېگىلگىنىچە سەل كۆتۈرۈلۈپ بىر خىل خىيالىي ئىلتىجا بىلەن لەۋلىرىنى يېرىم ئاچتى.

جانان ئۇنىڭ مەقسىتىنى، توغرىسى ئاخىرقى ئۆتۈنۈشىنى سەزدى بولغاي، ئايدەك يۈزى شەپەقتەك قىزىرىپ كەتتى. شۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، بەلكىم ئۇ ھېچنەرسىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمىگەندۇ. بەلكىم... ئۇ بىر خىل خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە يەنە ئېگىلىشتى. چوغدەك قىزىل لەۋلىرىنى ئىلھامىنىڭ گەز باغلاپ قۇرۇشۇپ كەتكەن لەۋلىرىگە يېقىن ئەكەلدى...

ھېلىقى ئىككى ئايال گويا بىر نەرسىدىن يىرگەنگەندەك يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ پاكىز پولغا شارتتىدە تۈكۈردى. ئۈچ بىمارنىڭ ياشىراق بىرسى تەتۈر قارىۋالدى. قالغان بىمار غەزەپتىن چەكچىيىپ كەتتى.

ئىشىك ئالدىدا خېلىدىن بۇيان ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان گۆھەرخان ئانا بولسا «توۋا، توۋا» دەپ پىچىرلىغىنىچە ھەدەپ ياقىسىنى چىشلەيتتى.

ئىزلىنىش، سىناق، پىشىقلىق

# تۇز قەسىدىسى

ئابدۇقادىر جالالىدىن

1

باشقىچە كۆيلەيدۇ ئالۋۇن مەپسى
شاخلاردا تۈنىگەن قانداق بىر ئانار؟
كېلىپلا يوقالدى سىيا پەنجىسى
پەنجىلەر كۆكتىن يوپۇرماق ياغار.
تۇغۇلدۇم خىيابان قۇشىنىڭ رەڭگىدە،
شاخلارنىڭ ئەۋجىدىن يۈكسەلەر ئاسمان
چۆكۈپ يەر يوپۇرماق قاينىمى ئىچرە،
قۇترىغان ئوت كەبى ئۆزىدۇ ھەريان.
بىلسەڭلار، باغلاردىن باشلىنار يولۇم،
قېنىمغا ئىبادەت ئەيلىدىم ھەرئان.
يوقالغان چاقماقنىڭ ئىخىر تېشىدا،
ئاھ، مېنىڭ جىمىقىم قېلىپتۇ جەۋلان.
تۇزۇتسام ئۆپۈمنىڭ كېسەكلىرىنى،
ئۆپىلىرىم ئىزدىدى، تۇرۇشتى يوقلاپ،
ئېسىمدە، «خوش» دېدىم ئاداققى بىر رەت
يەنىلا شۇ يەرگە كەلدىم دۇدۇقلاپ.

2

ھەي، قېنىم، تەرتىپلىك قۇشلار سەپىرى
قانىتىنىڭ مەۋجىدە يالتىرار سابا،
چاقنىسا دېڭىزنىڭ قولىدا سەدەپ
قىلدىڭمۇ ئۇنى سەن تەۋرەڭگۈ نىشان
كۆرۈنۈپ كۆزۈڭگە شۇنچە دىلرەبا!؟
سەدەپ!
تۇز ئارا چايقىلىپ سۈزۈلگەن ئالقان.
قەيەرگە كۆچتىكىن بەزمىسى كۆزنىڭ،
ئاقىرىپ كۆرۈنەر شۇتاپتا جاھان.
ئاق! —
ھاۋادەك يامرىغان بابىل مۇنارى؛
ئاقنىڭ قىيامىغا چىقتىم يامىشىپ،
تەجەللى بولماقتا سۆيگۈم تۇمارى.
نېمە دەيمەن جەۋھەر رەڭگىنى؟
نېمە دەيمەن سەدەپ رەڭگىنى؟
نېمە دەيمەن تۇزنىڭ رەڭگىنى؟
ئاق!
نېمە دەيمەن ئاقنىڭ رەڭگىنى؟
دېڭىزدا خاراموش ئۈزگەن ئاق يەلكەن
يىراققا ئېپكەتتى تۇزنىڭ رەڭگىنى.
ساھىلدىن كۆۋرىگەن ئاتەش بىر ئۈپۈك
ئاق قىلىپ تاۋلىدى تەنىنىڭ بەرگىنى.

3

نۇرلارنى سۈمۈرگەن ياپيۇنىڭ چەرخى،
ئۆچمەكتە تۈندىكى تۈۋىنىڭ ئەۋجىدە.
كۆي ئۆرلەپ بىر يۇتۇم تۇزنىڭ تەپتىدىن،
ئوتلارغا سىڭمەكتە زېمىندا زەدە.
تەقدىرنىڭ تىترەڭگۈ تارىنى بويلاپ،
تۇزلارنىڭ قويۇنى بارىدۇ ئاققا.
ئاي نۇرى قىروغا ئايلىنىپ تاڭدا،
چېچەكنى چىللايدۇ يېپىنىشىپ شاخقا.
ئەي دەرەخ، پەسىللەر دەۋرىدىن دەمدە
بىر ئوچۇم ئاق تۇزنى سورۇدۇڭ كۆككە.
قاناتلار پەرۋازى تۇزلار ھېيدىدىن
يېتىدۇ كۆچلىنىپ ساماۋى چەككە.
قېنى، تۇز، ئايان قىل ئەرشنىڭ يايىنى
رىشتىنىڭ ئەگىزى باشلايدۇ قايان؟
لەززەتنىڭ يىلىنجاپ تۇرغان قاقچۇشى
ۋەزنىمىنى كۆرسىتەر ئاچچىق تۇزسىمان.
كۆزلەرنىڭ شەبنەمگە پىچىلىغان دەرەخ،

سۇخەنساز ۋەزنىمنى قىلما قىتا كۆزنەك،
مەڭگۈگە ئۇت ئالغان يۇمران لالىسىنى،
قۇچما قىتا تۇك بىلەن تويۇنغان چۆنەك.

4

ئۇيقۇچان تېنىمگە تۈكۈلۈپ ۋولقان
ھۇجەيرەم سانىدا ئېچىلار روجەك.
سۈكۈنات شەكلىدە ئۇخچۇدۇم زىنھار
بەھرىمدىن چۆللەردە ئېچىلار چېچەك.

لەھزىدە ئەسلىمىدىن غايىبمەن، ياتمەن —،
قاشالىق قەبرىستان بەزمىگاھ ماڭا.
قەسەملەر تېگىدە چاپچىغان ئاتمەن،
ئۇنتۇلغان قەترە تۇز نەزمىگاھ ماڭا.
ۋەھدەتتە ئۆزۈمنى ئەيلىدىم تەقسىم،
ئېيتىدۇ سىرىنى ماڭا ھەر نېمە.
ھاياتقا ھامىلدار قەتلىگاھ ئىچرە،
ئەي، كەپسىز يېزىقلار ئۆگەنسەن نېمە؟

# شېئىرلار

پەرھات تۇرسۇن

## بوشلۇق

1

قوغلار مېنى
بىر ۋىلىسىپىت
ھېچكىم مىنمىگەن

2

قولۇمدىكى پاكىز بىر كىتاب
ئاپئاق بىر كىتاب
بۇلغانمىغان قىلچە
شۇنداقلا ئەمەسمەن يېزىقنىڭ قۇلى
ئەركىنلىكتىن بولدۇم بەھرىمەن
ئاشۇ ئاپئاق بەتلەر يۈزىدە
كۆرەلەيمەن خالىغىنىمنى
بار ئۇندا
بار بولۇپ باقمىغان ئەڭ گۈزەل مىسرا
ئەڭ گۈزەل
ئەسلا بوپ باقمىغان يالىڭاچ رەسىم
ئەڭ ئوتلۇق بىر كۈيىنىڭ نوتىلىرىنى
شۇنىڭ بىلەن
تاشلىدىم يىغلاپ
ئاقتى يېشىم ئۇزاقتىن ئۇزاق

3

ئۆيۈم، سەن نەدە؟
ئۆيۈمنىڭكى يوقتۇر ئىشىكى
ئاھ!
كەڭدۇر نەقەدەر
ئىشىكسىز ئۆيلەر
چۈنكى
چۈنكى بولغاچ ئىشىكسىز

4

بەلكىم يولدا
ھە، بەلكىم ئۆيۈمدە
بىر ۋىلىسىپىت قوغلايدۇ مېنى
ھېچكىم مىنمىگەن

گۆدەك چېغىم بۇ
بىلمەيتتىم ئۇ چاغلار كىيىم كىيىشنى
ھە، بۈگۈن
كىتاب...
...كۆرەلەيمەن...

## ئاچلىق ۋە مەستلىك

ئەتىمۇ سۈرگۈم بار ئاچلىق پەيزىنى
بى پەيزى ئالەمدىن تاپتىم شۇنىلا
يارىم بار شەھەرگە قۇستۇم مەستبولۇپ
... ... ...
كىمكىن ئۇ تاشلىنىپ ياتقان كوچىدا

قولۇمدا ئازابىنىڭ تارتىنچاق قولى
ھۇدۇقۇپ كېتىمەن بولۇپ كېتىشنى
ئاھ، تەنگە سانجىلار يامغۇر تامچىسى
يامغۇردا ھۆل بولغان ئۇ كىمنىڭ چېنى

جانانىمنىڭ پايپاقسىز ئاپئاق پۇتلىرى
كەتمەكتە يادىمدىن چىقىپ يىراققا
ئازابلىق كوچىلار نەقەدەر ئۇرۇق
ئىلىشىپ قالدىكىن ئۇچى قاياققا
تۇرىدۇ دەرەخلەر ئارا لەپەڭشىپ
گاھ ئوخشار تارىيىپ بارغان يوچۇققا

بەك يىراق سىزدىلەر يامغۇر تامچىسى
نەلەردە قالغاندۇ بىچارە تېنىم
تۈگىمەس سوزۇلۇش قىسقىراشلارنى
بېشىمدىن كەچۈرۈپ بۇ يەردە روھىم
بوغۇلغان ئۈن كەبى بوغۇلۇپ گاھى
مەستلىكنى زارىقىپ كۈتەر بەتتىنىم

## چىڭگىش مەنزىرە

قومۇشلار تىترىشەر شورلۇق دالىدا
قۇرىغان لەۋلەرگە ئوخشايدۇ بۇ يەر
چاشقانلار سادىسى يېقىن بەك يېقىن
يېقىندۇر يىراقتىن ھەتتا ھەميالدىن
پۇررىدە قاچىدۇ پاتىمچۇق پەدەر.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارايمەن ئاسماغا —
لىغىرلاپ ۋە لەيلەپ تۇرىدۇ جىسمىنىڭ
كۈلكىلىك تۇيۇقسىز ئۆلمەك بولغىنىم
ناخشىلار سادىسى ئاڭلانماس ماڭا
ئايايدۇر گاسلىقىم چوڭقۇر گاسلىقىم

تورۇستىن كۆزۈمگە تامىدى بىر تامچە
تۆكىدى كۆز يېشى بۇزۇق ئايالنىڭ
يۈرىكىم نەلەرگە چۈشۈپ قالدىكىن
قولىدا بارمىدۇ ئۈزۈكى يارنىڭ.

## 1999 - يىل

— ناسارا داماسقا

بىر دەھشەت ئېيپكەلدى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز
شۇم خەۋەر مۇنچىدا يۈرەر يالىڭاچ
ئاھ، نۇرلۇق قۇيرۇقىي ئەجەب گۈزەل - ئۇزۇن
چۈنكى ئۇ ئېچىرقاپ كەتكەن بەكمۇ ئاچ.

يۇپۇرۇلۇپ كەلمەكتە مېنىڭ روھىمغا
ئەجەللىنىڭ ئۈنىدە ئۈنلەپ كۆچمە قۇم
مەنمۇ ھەم بىر گەۋدە بولۇپ ئۇنىڭغا
يىراقلاپ كېتىمەن بۇ يەردىن چوقۇم.

غايەت زور كىمدە تەنھا قولۇمنى
بىلمەيمەن كۆتۈرۈپ كۈتكىنىم نېمە
ئۆلۈمنىڭ قولىدا كۆرۈنگەن يولۇم
بىلمەيمەن قەيەردىن يۈرگەن قەيەرگە.

ئاخىرقى موخۇركام كۆيدۈردى لەۋنى
ئۆلۈمدەك قاپقارا چىقتى تىنىقىم
ئازابلىق كۆيۈڭگە چالما پىرجەڭگى
مۇڭكىرلار ئازابى يۇتتى كۈيى ئارا
ئۆرتىنەر ئۆلۈكلەر لېكىن بەتتىنىم

## يالىڭاچلىنىش

سىمۋوللۇق مەنىسى يۇتۇپ دېگىنىڭىز
ئاقماقتا زۇلمەتنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا
مەنىدىن قۇتۇلدى، بىر سەزگۈ—سۆيۈش—
سىڭىشىپ دېگىنىزنىڭ شاۋقۇنلىرىغا
تېنىمىدىن ئاقماقتا تېنىڭگە يارنىڭ
يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ مىكروبلىرىدەك

سىڭمەكتە يارغا ھەم ياردىن دېگىنىزغا
مەۋجۇدات مەۋھۇمات پارچە كېسەلدەك
قۇتۇلۇپ شائىرنىڭ نېرۋا تورىدىن
ئازلىنىپ يالىڭاچ ياتقان ئايالدەك
سۈرمەكتە پەيزىنى يالىڭاچلىقىنىڭ
سىمۋوللۇق مەنىسى يۇتكەن دېگىنىزنىڭ

# ئىككى شېئىر

تەلئەت قادىرى

## مېنىڭ ناخشام

تىك چوققىنى قاپلىغان بۈركۈتنىڭ
كۆزلىرىگە سىڭىپ كەتسەم پەزىدە.
قىيا تاشتىن قاڭقىپ كەتكەن دولقۇننىڭ
زەربىسىدىن مەن قايتىمەن ۋە يەنە.

جان قىينايدۇ بەلكى ئاچچىق سۈكۈتلەر،
ناخشىلىرىم سالسا شاۋقۇن بورانىدەك.
باش سۆڭەكلەر ئۈنۈپ چىقار قۇملاردىن
شېھىتلەرنىڭ ئىسيانلىرى—چۇقانىدەك.

مەن يوقايمەن شۇندا گويا چاقماقتەك،
يەر شارىغا گۈلدۈرماما قالدۇرۇپ.
شۇ ناخشامنى دولقۇنلىرى دەريانىڭ
تەكرارلايدۇ قايتا-قايتا ياڭرۇپ.

## قەلبىمدە بىر قۇش

ئۇچۇرما بولۇپ قالغان بىر گۈزەل قۇش،
ياتىدۇ قەلبىمگە سالغان ئۇۋىدا.
پات-پات تىلا ئىنتىلىپ بەلكى تەمشىلىپ
زەڭگەرەك ئاسمانغا شۇڭغۇش ئويىدا.

ئۇ مېنىڭ قەلبىمنىڭ كاۋاكلىرىدا
تۇغۇلغان ئىدى، ھەم چىقارغان قانات.
روھىمنى ئوزۇقى قىلىپ ئۇ قۇشنىڭ
قەلبىمنى قىلغانتىم گويا كەك ھايات.

ۋە لېكىن چىدىماي بەلكى قۇش بۈگۈن
تەلپۈندى قاناتلار سىلكىپ كەڭلىككە.
يەنىلا بوپقالدى تۇتقۇن ۋە ئەسىر،
ئۇرۇلۇپ قەلبىمنىڭ چېكى-گىرۋەككە.

# ئۆزۈمگە

مەمتىمىن مەمتىز

ئۆزۈمنى سۆيۈشنى بىلمىگەچ زىنھار،
ئۆزگىنىڭ سۆيۈشىگە ئېرىشەلمىدىم.
قەدەمدە پۇتلىشىپ يۈردۈمەن ھەر چاغ،
كۆڭلۈمگە شۈكرى قىلىپ يۈرمىگەچ دائىم.

ئۆتمەكتە كۈنلىرىم دائىملا تەنھا،
دوستلاردىن-كۈلكىدىن بولدۇمەن جۇدا.
ئىزدىسەم تېپىلماس ئۆزۈمگە ھەمراھ،
ئۈمىدنى سۆيدۈمەن تاللىغاچ جۆرا...

ئىچىمدىن تۆكۈلۈپ كۈلمىدىم زىنھار، كۈلمىسەم، ھېچقاچان يۈرمىدىم خاپا،
مەن كۆرگەن كۈلكىنىڭ ھەممىسى يالغان. دۇنياغا چۈنكى مەن يىغلاپ يارالغان.

# چۈش ئەمەس رېئاللىق

مۇھەممەتياسىن ئوسمان

بەرگلەردە شەبنەم يوق، قىياقلاردا ناز - خۇلۇق
شىۋاقلاردا پۇراق ھەم، مەست بولمايدۇ كۆڭۈللەر.
سېنىڭ مېنى ئۇنتۇشۇڭ بولۇپ ئۆتكەن بولغۇلۇق،
ساڭا بولغان ئەقىدەم كۆزلىرىمدىن تۆكۈلەر.

خاھىشىمنى تامامەن سىڭدۈرۈۋەتتىڭ گۈگۈمگە،
يۇيۇن مەيلى زەمزەمدە، سەن بىر روھنىڭ قاتىلى.
قىيالماسلىق نەزەرىڭ نۇر چاچالماس يولۇمغا،
سوقۇلماپتۇ ئېڭىڭغا چۈنكى غۇرۇر پاسىلى.

بولدى كەتكىن، كېتىۋەر كۆڭلەڭگە ئىلەرنىڭ كەينىدىن،
يىغلاپ تۇرۇپ سۆيگەنتىم، يەنە يىغلاپ قالىمەن.
ھەسرەت ماڭا قالغىنى بىۋاپانىڭ مەيلىدىن،
مەن ئاھ، بۇندا ھەممىگە مىسكىن نەزەر سالىمەن.


ئاختۇرمىسۇن ۋە لېكىن مېنى سوغۇق نىگاھلار،
مەن ئاۋارە بولمايمەن تەسكىن ئىزدەپ ئۆزگىدىن.
خالىمايمەن يانمىسۇن بىر رەت ئۆچكەن چىراغلار،
ئايان ماڭا كەلگۈسۈم ياساپ ئېيتقان سۆزۈڭدىن.

سەلكىن شامال نەھاجەت، چىقسۇن قاتتىق شىۋىرغان،
ئېپقاچمايمەن ئۆزۈمنى ماڭا كېرەك مالاللىق.
يامغۇر ياغسا ئورمانىدا سۆيۈشلەرنى قىل ھىمات
مېنىڭ ئۈچۈن مۇھەببەت چۈش ئەمەس رېئاللىق.



# دۇنيادا بىر قىز، ئاشىق يۈرىكىم

ئالىم تۇرسۇن



ئاپتور 1969 - يىلى 1 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1988 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قەشقەر شىفەن شۆبىسىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1991 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ لوپنۇر ناھىيە گۈلباغ يېزا ئاقچىكە كەنتىدە، 1992 - يىلىدىن باشلاپ لوپنۇر ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇ 1989 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «سۆيگۈ» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە «سېغىنىش ھېسلىرى»، «ئانىجان، ئەللەيىڭ ھايات ناخشىسى»، «مەغرۇرلۇق مۇنارى يېگىزدە يېشىم»، «بەشىنچى ئوكيان ھەرسىيىتى»، «ئېسىمدىمۇ، قەشقەر يوللىرى»، «خەير خوش، مەن تۇنجى سۆيگەن ئىسسىقىم»، «تۇمان تەزكىرىسى» قاتارلىق 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

## ئۈمىدۋار يۈرىكىم مۇقەددەس ئىلاھ

مەن قۇياش نۇرىدا ياشارغان ۋۇجۇت،
مەغلۇبلۇق كېچىمگە ياقىدۇ چىراغ.
تەقدىرنى ئەھدىدە تۇزغۇزدۇم كۆپ رەت،
ئايرىدىم ئۆزۈمنى ئەمرىدىن يىراق.

غالىبلىق ئىستىكىم ئۆكەر تال - تال نۇر
خىزىرلىق دەۋاسى قىلمىدىم ئەمما.
ئەيلىدىم ئادەملىك روھىمغا قۇدرەت،
كۆلكەمدە يېشىلدى تالاي مۇئەممما.

روھىمنى توڭلاتتى قاتتىق زىمىستان،
ئېچىلدىم شۇندىمۇ خۇشبۇي گۈل بولۇپ.
ئىستەكلەر غارىدا كىردىم تەنچە رەت،
ئۆچمىچى كۆزۈمنى نۇرلۇق يانىدۇرۇپ.

ئۆزۈمنى ئۆلتۈردۈم، تىرىلدۈردۈم كۆپ،
ئادەملىك لايىقەم بولمىدى تامام.
تەقدىرنىڭ سەۋرىيىنى تاشقا چېكىپ بەلكىسىم،
بۇ تەكرار يېڭىلاش قىلىدۇ داۋام.

ئىنسانلىق قۇدرىتىنى كۆزگە ئوخشىتىپ،
قايغۇغا يول قويۇش قاتتىق بىر گۇناھ.
ئۈمىدۋار روھىمدىن ھەيكەل قاتۇرۇپ،
شۇڭلاشقا ئۆزۈمدە چاقنايتتىم ئىلاھ.

## قايغۇ

يۈرىكىمدە ئۆزۈپ يۈرگەن بېلىقچى كىمدۇ؟
سۈزۈپ يۈرەر سانسىز تورلار بېلىقلىرىمنى.
يوقالمايدۇ دىل كۆكىمدىن نېمىشقا قايغۇ؟
ھەسرەت ھەيدەي ئوۋلاپ ئالىدى تېنىچلىقلىرىمنى.

يۈگەلمەكتە ھەشقىپىچەك غولى بويۇمغا،
سۇغارماقتا بۇلاقلىرىدىم ئۇنى ئۇھسىنىپ.
تون - سەرپايلار تىكىلمەكتە شۇتاپ تويۇمغا،
ياش تۆكمەن كىملەرگىدۇر مەخپىي تېۋىنىپ.

قارا كۆزۈم قارشىسىدا قارا بىر قول بار،
ئۇزاتماقتا تۇزۇپ كەتكەن بىر دەستە چىچەك.
ھەممە جايدا گۈل-چىچەك بار، يۈرىكىمدە قار،
كەچكۈزدەكلا سېزىلمەكتە ماڭا كېلەچەك.

مەجرۇھلانغان يۈرىكىمنى كىمگە كۆرسىتەي؟
دىل ئازارسىز پاك سۆيگۈنى كىملەردىن كۈتەي؟!

## مەغرۇر قەلئە

مەن ئويلايمەن سېنى قەلئە دەپ،
ئىشىكلىرىڭ تاشتىن ياسالغان.
مەن يىراقتىن كۆپ كۆرگەن سېنى،
بىراق ساڭا كىرىپ باقمىغان.

مەن ئويلايمەن مەغرۇر قەلئە دەپ،
ئىشىكلىرىڭ مەھكەم تاقالغان.
سېلىچىلەر كەلسىمۇ كۆپ رەت،
ھېچ كىشىنى قوبۇل قىلمىغان.

مەن ئويلايمەن سېنى قەلئە دەپ،
كىرىشكە يول ئىزدەپ يۈرىمەن.
چۈزمەن بىر كۈن ئىچىلار ئىشىك،
تۈنجى بولۇپ ئۆزۈم كىرىمەن.

## كۈز

ياپراقلار شىلدىرى غەمكىن كۈي بولۇپ،
تۆكۈلەر مۈڭ باسقان جىمجىتدالىغا.

مۇقەددەس پەسلىنىڭ مىس گۈلى سولۇپ
چېچىلار ئالتۇنرەڭ زېمىن باغرىغا.
قار كەبى توزىدى گۈللەرنىڭ بەرگى،
خازانلار سەلكىندە يۈرىدۇ ئۇچۇپ.
ئالتۇن تار ئەۋجىدە يىغلايدۇ يۈرەك،
ئۆتكەندە مۇڭلۇق كۈي دىللارنى قۇچۇپ.
پۇشۇلداپ قوزغالغان چويىز گۈدۈكى
كۆزلەرنى بېزەيدۇ ئاچچىق ياش بىلەن.
ئاخىر رەت ھەسرەتلىنىك پۇلاڭلاتقان قول،
تۆكۈلگەن خازاننى ئەسلىتەر چۈمەن.
جۇدالىق كۈيىگە بۆلۈنۈپ دۇنيا،
يىغلايدۇ ئىپتىقۇسىز ھەسرەتكە چۆمۈپ.
سەن بىلەن شادلىق ئۆتكەن كۈنلەر مەھبۇبەم،
خازانلار ئاستىدا قالدى كۆمۈلۈپ.
سىرغىدى نادامەت ياشلىرىم ئاستا،
قالغاندا ئۇ كۈنلەر شېرىن چۈش بولۇپ.
ئاڭلىنار قايغۇلۇق دىلىمغا گويا،
ياپراقلار شىلدىرى غەمكىن كۈي بولۇپ.

# شېئىرلار

## كۆرەشچان ئۆمەر

### ئادەم ئىزدەش ئېلانى

ئولاجا ئۇچۇن كەتكەنىدىم چىقىپ،
ئىشىكىمنى چەكمىدىم تېخى.

كۆزۈم ئىچكىرى، قاشلىرىم ئېگىز...
چاچلىرىم قۇڭۇر، بەدىنىم قارىدەك...
مېردىڭانلاردا كۆرسەتكىلار ئەگەر،
ماڭا تېزدىن بېرىڭلار خەۋەر!

## چۈشتىكى ئۇرۇش مەنزىرىسى

شەھەر يىغلار بوۋاق بالىدەك، دىۋانە چال دېمىدا قىلار،
ئانا ياتار ئىلىنىپ قانغا تومۇرلاردا قاتقان يوللارغا.

## دېكابىر ئاخشىمى

ئۇزاق كېچىلەر كېلىدۇ ئۇچۇپ،
چۈش چىرىمىغان قىزغۇچ يوپۇرماقلاردىن.
خەتتا پىشۇرۇۋالغان قوللاردا
گىلىرەڭ تىترەكلەر كۆۋەججەيدۇ مۇز دېگەندەك.
تۇمانلىق بۇ كېچە
غېرىبىستاننىڭ يالغۇز ئاياغ تىۋىشى.
قار ئالىمىدىكى ياڭراق ئۇ گەۋدە —
(پورتېرتى پېكاسونىڭ)
مىدىرلايدۇ تەڭكەش قىلىپ ۋاقىتقا.
پۈتكەن ماي بوياقلار ئېلىپ چىقىپ كىشىلەر بۇنىدىن،
چىلاشتۇرۇپ ھەسرەتكە تۇغۇمىنى سەنەملەرنىڭ.
سالدۇرۇپ تاشلانغان گىلىرەڭ يوپۇقلار
ئەسلەنمەيدۇ كۆز يېشىسىمان كېلەچەكتە.
ئۇرۇپ كەتكەن مۈشۈكلەر توپى
ئايلىنىپ كېتەلمەس
توسۇلۇپ تۇرغان بەكلا قېلىن قاراڭغۇلۇقتىن.
بىز چوڭ بولغان ئاشۇ تاغلىق يۇرت،
ئۇچۇپ ئۆتەر شەھەر ئاسمىنىدىن.
قاراپ قالىمىز ئىنىم ئىككىمىز،
... ئانا ... ئانا ...
ھەسرەتلىك تىنىقلار ۋىژىلدىتىپ كۆيدۈرىدۇ تۇتاش تىنىقلارنى،

كۆيۈپ تۇرغان جەزىرىلەردە
تىنەپ يۈرەر شۇنچە قەدىمىي ئاسىي روھىمىز.

ئۇلار پەقەت ... پەقەت ئاشۇ روھ
كالىندارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رەقەملىرىنى
تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ بىزگە ئېغىردىن ئېغىر.

ئانا ...! دادا ...!
ئۇچۇپ كېلىڭلار تاغلىق يۇرت بىلەن
روھىم نۇر ئەمگەن كۆزنەككە شەھەرلەرنىڭ.

ئۆتۈشمە كۈۋرۈكلەر بەك كۆپ بۇ جايدا
ئۇ، مۇزىكا رەقەملىرىدەك
يېقىنلىشىدۇ چوچۇلۇپ تۇرغان تارلارغا.
بارماقلار ئەزەلدىنلا مەۋجۇت ئەمەستەك
سىڭىپ كېتەر تاغ سۈيىنىڭ شوخلۇقلىرىغا.
يۈز بېرىدۇ شۇنداق بىر ئىشلار
كېچە ئاسمىنىدا ئۆچكەن ئۇچقۇندەك.
غايىب بولۇپ كېتىدۇ يەنە.

ئاھ! ئۈزۈك مىسرالار، ئۈزۈك مىسرالار
چېتىلغان سىلەر دادامدىكى ... ئانامدىكى ...
ئەجەبمۇ خوش پۇراق تەسەۋۋۇرلارغا.
ئۇچراشساق دەيمەن،
يۇلتۇزلاردەك يىراقتا تۇرغان ئالۇچىدەك نېپىز لەۋلەردە.
ئىس - تۈتەككە تولغان ۋوگزاللاردا
يۈگۈرسەك ... يۈگۈرسەك ... يۈگۈرسەك ...

# شەبنەم كۆز يېشىدۇر گەچكى قۇياشنىڭ

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

سەگىدى زېمىننىڭ غۇبارسىز كۆكسى،
ئاخىرقى شولىلار ئۇپۇق مەكزىدە.
شەبنەم كۆز يېشىدۇر كەچكى قۇياشنىڭ،
يالتىرار مەرۋايىت ياپراق بەرگىدە.
يىراقتىن يېيىلىپ كەلمەكتە گۈگۈم،
سىڭىنچىم تاقەتسىز يوق ماڭا سىرداش.
تۇرىمەن يۆلىنىپ قېرى سىدىگە.
تەنھالىق كۆيۈمگە شامالار دىلكەش.
ھىجرانلار سىلكىتىپ كىرپىكلىرىمنى،
كۆپەيدى تامچىلار يۇمران چىملاردا.

گويا شام نۇرىدەك ھالسىز يۈرىكىم،
بىر سۆيگۈ مۇڭسىرار قەلبىم قېتىدا.
ئاداققى تەبەسسۇم ئۆچتى ئورمانلىدىن،
تىڭلايدۇ قەلبىمنى سۈكۈتلۈك ئاسمان.
ۋىسالسىز سۆيگۈدىن تىلىمە يەن مەدەت،
خىيالەن بىر روھقا ئەگىشىپ پىنھان.
ئالدىمدا پەقەتلا دەريا دولقۇنى،
لەۋ يا قارساھىلغا يېتىش - يېتىشلاپ.
ئايرىلىش كۈيىنى ئېيتار تومۇزغا،
چۈشەر كۆك سەتھىدىن شەبنەم تامچىلاپ.

# مۇئەككەل

غوجەمەت مۇھەممەت

كەلگىن گۆھەر تۇغمىساك، تۇخۇم تۇغقىن كۆك تۇخۇم،
پالاق بولماس كىمنىڭ سۇنۇپ كەتسە ماچتىسى.

كۆلچەك قازدىم سەن ئۈچۈن، ئىچكىن زەھەر بىر يۇتۇم،
ئەمەس ھەسەل سۇۋالغان ئەزرائىلنىڭ قاچىسى.

كۈنلەر ئۆتۈپ مەن ئۆلۈپ، لەيلەپ چىقار ھاۋاغا،
شېئىر بولۇپ تىنزىلگەن ئاۋاقسىدە جەسىتىم.
ئۆلۈم بىلەن باشلانغان چەكسىزلىكتە چېگرا يوق،
تەگرى مېنى دۇدۇقلاپ ئوقۇپ يۈزەر بىتتىنىم...

ھەيھات دەيمەن مېنىڭ ھەيھات، كۆزۈم ئاچسام قاراڭغۇ،
كۆزۈم يۇمۇپ كۆرىمەن بۇ ھاياتنى مۇكەممەل.
قول بولغۇم بار روھىمغا، ئۇ ياشايدۇ قەيەردە،
ئۆلۈم، ئۆلۈم، ئۆلۈمدۇر مەن چوقۇنغان مۇئەككەل.

# رەڭدار نەپەسلەر

## ئەمەت يولداش

سەۋدالىقنى باشلاپ تىنىۋىشمىك،
ئۈچۈپ ئۆتتى مەھەللەڭ تامان.
ئاق شولىلار يىپسىز مارجانىدەك،
سەكرەپ چۈشەر يوللارغا لەرزان.

قومۇشلۇقلار تارتقاندا يىپەك،
كېلەر قىزلار توقۇشقا ئۇنى.
چاڭگالدىكى ئازغىن تورغايلار،
سۇنار ئاڭا «چۇ-چۇ» لىرىنى.

ياپراقلاردا قاناتلىق يۇلتۇز،
بوستان چېچەك يەپۈيدۇ شامال.
كېچىلەردە سىغىنچىلىك بىلەن،
چۆچەك بولۇپ قالىدىك ئېھتىمال.

شورلۇقلارغا پاتار نازۇك ئىز،
لەپەڭلەيدۇ كۆتۈش قىرلاردا.
سۆيگۈلەردە چايقىلار سەھرا،
سېھىرلىنىپ ياڭراق چىرلاردا.

# شېئىرلار

## ئوسمان قاۋۇل

### سەن مېنىڭ چوغلۇقۇم - چوغلۇقۇم ئەبەد

سەن مېنىڭ چوغلۇقۇم-چوغلۇقۇم ئەبەد،
لېۋىڭدىن تۆكۈلەر ئوماق جىلمىيىش.
نەزەرىڭ پەلەكتە كېزىدۇ مەغرۇر،
مەڭزىڭدە ئۇخلايدۇ تاتلىق بىر سۆيۈش.

سەن مېنىڭ چوغلۇقۇم-چوغلۇقۇم ئەبەد،
نازلىرىڭ ئالەمگە ياقار ئوت-ئاتەش.
تولغىنىپ بېقىشىڭ شۇنچىلىك نەپىس.
گۈزەلسەن، ئامەتتۇر ساڭا قۇت تىلەش!

سەن مېنىڭ چوغلۇق قۇم-چوغلۇق قۇم ئەبەد،
بىر قۇشمەن يېنىڭدىن سايراپ كەتمىگەن.
سەندىكى نازاكەت يەڭگىلىلىقى،
كۆڭلۈمنى بىردەممۇ ناشاد ئەتمىگەن.

سەن مېنىڭ چوغلۇق قۇم- چوغلۇق قۇم ئەبەد،
سوغ-جۇتتا سۇلىمىغان خىسلىتىڭ ئۇلۇغ.
يۈرىكىڭ يالقۇنجار چوغ بولۇپ گويا،
شۇ چوغدەك ئوبرازىڭ دىلغا ئويۇلۇق...

## ساھىلدىكى بىر كونا قولۋاق

1

ساھىلدىكى ئەي كونا قولۋاق
ئازابىمنى ئېلىپ كەت يىراق.
ئۆتۈندۈم قەلبىمنى ساڭا ھېلىلا...

2

نى-نى سۆيگۈلەرگە بولدۇڭسەن گۇۋاھ،
قاغجىراپ سىلىقلانغان گىرۋەكلىرىڭدە.
يۇمران كاسسىلارنىڭ قالدى ئىزناسى!
سايەڭ بولالمىدى كۆزلەرگە پەردە،
يوچۇقتۇ ئاستىدى مۇڭلۇق گىتارنىڭ ناۋاسى!..

3

تىنتىيدۇ كۆزلىرىم مەينەت قىرغاقنى،
ئەي، ئەبجەق، ئوماق قولۋاق
مەپتۇن مەن ساڭا...

(بېشى 5 - بەتتە)

مۇقاملىرىنىڭ ئاھاڭلىرى ئادەملەرگە ئىختىيارسىزھالدا ئالاھىدە بىر كەيپىيات بەخش ئېتىپ خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق ئەۋج ئالدى.

زال ئىچىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر خەتتاتلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، مىللەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق بىباھا سەنئىتى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇپ تۇراتتى. كۆرسەكمۇ يەنە كۆرگىمىز كېلىپ تۇراتتى.

بۈگۈنكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يىللىرىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خۇشاللىقىغا سەۋەبچى بولغان بۇ كۆرگەزمىنى ئۇيۇشتۇرغان «تەڭرىتاغ» شىركىتىنىڭ مەسئۇلى يولداش مۇھەممەتجان ھەمرايېۋ ۋە «ئىنتېر-ئاسىيا» شىركىتىنىڭ پرېزىدېنتى كامىلجان يولداشېۋلارغا چىن دىلىمىزدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن ۋە قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ تەزىم قىلىمەن.

**كېرىم بەھرىيېۋ**
تاشكەنت شەھىرى

# نىگار جىلۋىسى

(نەسىرلەر)

## تۇرسۇن مۇھەممەت



ئاپتور 1963 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1986 - يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، مۇخبىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئاپتور 1986 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «قىيانلىق دەريا» پوۋېستىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە ئۇلارنىڭ يارىتىلىش ئالاھىدىلىكلىرى» ناملىق ئوبزورى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن، شۇندىن كېيىن ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا «ھەرسان خىياللار»، «دېڭىز»، «بەخت»، «كۈلكە ۋە ياش»، «ئارمان» قاتارلىق يىگىرمىدىن ئېشىق نەسرى ئېلان قىلىنغان. ھازىر ئۇ «خىياللار ساھىلى» ناملىق نەسرلەر توپلىمى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

## سادا

ئانا دىيار تۇپرىقى مەن ئۈچۈن قىممەتلىك مامۇق تۆشەك. تاقەتسىز- لىنىپ تۇپراققا ئۆزۈمنى تاشلايمەن، قۇلىقىمنى يۈرىكىگە يېقىپ غايىب سادالارنى ئاڭلايمەن. سادالارغا جۆر بولۇپ كۈلىمەن. سادالارغا جۆر بولۇپ ئۆلىمەن. سادالاردىن مەست بولغاندىن كېيىنلا بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىمەن. بۇ سادالارنى يەر تەۋرىگەندە پەيدا بولىدىغان دولقۇنلار ئازغا شتۇرۇۋېتەلمەيدۇ، قۇترىغان جۇدۇن-چاپقۇنلارمۇ ئارىلاشتۇرۇۋېتەلمەيدۇ. جىن-شايا تۈن- لەرنىڭ ۋارقىراپ-جارقىراشلىرىمۇ بېسىپ كېتەلمەيدۇ.

## تاش

يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان تاش گويا كىچىك بىر ئەينەك. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ كىملىكىمنى بىلىۋالىمەن.

يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان تاش، تاش يۈزىدە ئاتىلارنىڭ چېكىم-چېكىم تۇياق ئىزلىرى. ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يېڭىش-يېڭىلىشلاپ قارىۋالىمەن.

يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان تاش، جاھاننامە ئەينىكى. ئاشۇ ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ تەقدىرىمنى كۆرۈۋالىمەن.

## تىلسىم

چەكسىز كەتكەن قۇملۇق، گويا كى تىلسىم. كۆز يەتكۈسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا تارىخ يادنامىلىرىدىن پۈتكەن بىر ئۆي قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىشىكى ئالدىدا نەچچە مىڭ ياشلارغا كىرگەن بىر نىگار جىلۋە قىلىدۇ. ھەممە كىشى ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ، ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ. ئۆتمۈشۈمنىڭ سىرلىرى يوشۇرۇنغان قۇتىنى ماڭا سۇنىدۇ. ھەممە كىشى ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىدۇ، تەلمۈرىدۇ.

مەن ئاشۇ نىگارىمنىمۇ، ئۇ ماڭا ئۇزاتقان قۇتىنىمۇ تونۇدۇم. كەل، ساڭا كۆز تەگمىسۇن ئۈچۈن، نازۇك بوينۇڭغا يۈرىكىمنى تۇمار قىلىپ ئېسىپ قوياي!

## كۈتۈش

ھەر كۈنى كەچتە، ئۇ ئۆز ئاشىقىنىڭ خىيال سارايلىرىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كېچىسى ئاشىقىدىن سادا كۈتۈپ ئۆتىدۇ.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ سابىرسىزلانغان مېھمانلىرىنى كۈتۈۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ قاتارىدىن ئاشىقىنى تاپالماي، ئويچان كۆزلىرىدىن ياش تۆكىدۇ.

## نادامەت يىغىسى

مەن ھەر قېتىم نىگارىمنىڭ ئاشۇ سىرلىق كەپە ئىشىكىدە تۇرۇپ ماڭا ھەدىيە قىلغان جىلۋىسىنى ئەسلىگىنىمدە، غەيرەتلىنىپ كۈلىمەن.

مەن ھەر قېتىم ئاشۇ نىگارىمنىڭ يەر ئاستىدىن كېلىۋاتقان تاتلىق ئىڭرىشىنى ئاڭلىغىنىمدا، نادامەت يېشى تۆكۈپ ئۆلىمەن.

## گۈلدەستە

مەن باھاردا بىر دەستە گۈل تىزىپ لوڭقىغا سېلىپ قويدۇم، كۆز تەگمىسۇن دەپ ئۇنى قەلب قەسىرىمگە يوشۇردۇم. ياز كەلگەندە باشقىلار گۈلدەستىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ شادلىق بەزمىسى قۇرۇشتى. مەن بەزمىگە قۇرۇق قول باردىم ۋە ئۆزۈمنىڭ ئازغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

كۈز ۋە قىش مەۋسۇمىدە، تەڭتۇشلىرىم كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇپ، يۈرەك قانلىرى بىلەن سۇغارغان گۈللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بىر-بىرىنى مۇبارەكلەشتى. مەن قەلب قەسىرىمنى ئاختۇردۇم. ئەمما، ئۇنىڭدا گۈلدەستە تۇگۈل قۇرۇپ كەتكەن گۈل بەرگىلىرىمۇ يوق ئىدى. مەن ئۇلارغا ھالسىزلىنىۋاتقانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم.

ياندۇرقى يىلى باھاردا، مەن گۈلدەستە تىزىش ئىستىكىدە باغچىلارنى كەزدىم. لېكىن، ھېلىقى باھاردا دەستە تىزغان گۈللىرىمگە ئوخشايدىغان

كۆللەرنى تاپالمىدىم. مەن دوستلىرىمغا ھاياتىمنى قايتىدىن باشلاش قارارىغا كەلگەنلىكىمنى ئىقرار قىلدىم.

## بۇلبۇلنىڭ نالىسى

غۇنچىلىقىڭ، سېنىڭ گۈزەللىكىڭ، سېنىڭ خۇشپۇراقلىرىڭ جېنىمنىڭ جاپاسى بولسىمۇ، ماڭا بىھېساب كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ.

پورەكلەپ ۋايىغا يەتكىنىڭ، تاڭ سەھەر ياپراقلىرىڭ ۋە بەرگلىرىڭدىن تۆكۈلگەن شەبنەم يارىلانغان يۈرىكىمگە مەلھەم بولىدۇ.

توزىغىنىڭ، مەن كەچتە توزىغان ياپراقلىرىڭ ۋە تارقاتقان پۇراقلىرىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپ، ئەل - جاماەتكە نىمجان ئەمەسلىكىمنى نامايان قىلاي.

# نەسرلەر

## پولات ھېۋزۇللا

## بالىلىق يوقالماس

(تۇرمۇش مەندىن تارتىۋالغان نەرسىلەرنى ھامان قايتۇرۇپ بېرىدىكەن. ھەتتا مەن خالىمىساممۇ).

بالىلىقىم بولۇپ باقمىغانىدى. مەن تۇغۇلۇپ ئەقلىنى جىددىيلىك، غەم - غۇسسە ئىچىدە تاپتىم، باشقا بالىلاردەك غەمسىز ئويناشقا ۋاقتىم چىقمىدى. شۇ تەرىقىدە چوڭ بولدۇم. يوقاتقان بالىلىقىم، تۇغۇلۇپ باقمىغان بالىلىقىم ئاشۇ يوقالغان پىتى كېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭغا تەۋە بولمىغان يېزىكلىرىمدە سىرلىق ئەرۋاھتەك پەيدا بولۇپ مېنى قىينىمىسا بولاتتى.

ئويۇن خاراكتېرىنى ئالغان ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا مېلىكە بولۇشقا ئامراق بولۇپ قالدىم. غەمسىز ئىدىم، ئۆتمۈشۈمنى قالچە ئويلىمايتتىم. لېكىن كەلگۈسىمنى ئويلاشقا ھەپىلەم يوق ئىدى.

## شەيتان

سەن شەيتان بولماقچى ئىدىڭ، لېكىن بولالمىدىڭ، كىشىلەرنىڭ نەزەرلىرىدىن ئېشىپ جىسمىڭغا باغلانغان ئارغامچا سېنى ئېتىكابىتا ئولتۇرغان مۆمىن قارىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى: لېكىن سەن ئۆزۈڭ ئالدىدا شەيتان سانىلالمىساڭمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا شەيتان سانىلىۋەردىڭ.

## ھورۇنلۇق

سەرتتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاياغ تىۋىشلىرى تاڭنىڭ ئاللىقاچان ئاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەمما مېنىڭ تېخىچە ئاتمىدى، ياكى مەن

بىرنەرسىنى كۈتۈۋاتىمەن، ئازاب، تەشۋىش يۇلمىغان سەھەرنى كۈتۈۋاتىمەن. مېنىڭ قۇياشىم، مېنىڭ سەھەرىم، مېنىڭ ساپ ھاۋايىم، مېنىڭ باشلىنىشلىرىم ھەر قانداق كىشىنىڭكى بىلەن ئوخشاشمايتتى.

## كەچۈرۈم

ئۇ مېنى كەچۈرمىدى. قارىغاندا ئۇ مېنى مەڭگۈ كەچۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرغان كۆزىدىن بىزار بولدۇم. ئۇنىڭ ئاشۇ غەزەپلىك كۆزى ئارامىمنى بۇزدى. مەن ئۇنىڭ نەپرىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم.

ئۇ مېنى كەچۈرمىدى. ئۇ كەچۈرمىگەچكە مەنمۇ پۈتكۈل ئۆزۈمنى ئەپۇ قىلالمايتتىم.

مەن يىرتىپ پارە-پارە قىلىۋەتكەن ئۆتمۈشۈمنى ئۇ خۇددى قىممەتلىك ئاسار-ئەتىقىنى ساقلىغاندەك ساقلاۋاتاتتى. خەيرىيەت مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. راستىنى ئېيتقاندا، مەن ئۇنى ئەمەس، قەلبىمدىكى «ئۇ»نى ئۆلتۈرۈۋەتتىم.

## نامەرت

سەن ھەتتا ئۆزۈڭگىمۇ نامەردلىك قىلىسەن. شۇڭا باشقىلارغا ئەلۋەتتە نامەردلىك قىلىسەن-دە، «مېنى» بىرنەچچە ئادەم بىرلىشىپ تەشكىل قىلغانىدى.

مەن باشقا ئۆزۈمگە قارىغاندا ئۇ ئۆزۈمگە ئۆچ بولۇپ قالدىم. ئۇ مېنى ئالدىمدىلا تىللىغانىدى. ئۇ «مەن» باشقا «ئۆزۈم»گە قارىغاندا ئابرويلۇق بولۇپ پۈتكۈل «ئۆزۈم»گە ۋەكىللىك قىلىش سالاھىيىتىگە كۆپرەك ئىگە بولۇۋالغانىدى. شۇڭا ھەسەت تۇيغۇسىمۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇ كۈچتۈنگۈر بولغاچقا مۇشتلاشسام تاياق يېيىشىم ئېنىق ئىدى. ئالداپ دامىغا چۈشۈرەي دېسەم ئۇ ئەقىللىق ئىدى. غەيۋىتىنى قىلىپ سېسىتاي دېسەم قابىلىيەتلىك ھەم پەزىلەتلىك ئىدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا بۆھتان چاپلىسام، روھىمنىڭ خوجايىنىغا چېقىپ ئۇنى كۆزدىن يوقىتىشىم كېرەك.

## سەن

مەۋجۇتلۇقۇڭ بەزىدە ساختىلىققا ئايلاندى. سەممىيلىكىڭ ساڭا سەممىمىي بولماي قالغان چاغلاردا...

سەن ياشىساڭ، قانچىلىك ئۇزۇن ياشىساڭ ئۇ ئۆلەتتى شۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆلۈپ ياتاتتى. لېكىن سەنمۇ ياشىدىڭ، ئۇمۇ ياشىدى. ۋاقىتسىز تۇغۇلۇپ قالغان بوۋىقىنى ئانا كىشىلەرگە سەزدۈرمەي بېقىپ چوڭ قىلغىنىدەك مۆجىزە ياراتتىڭ، سەن بەربىر ئۆلىسەن. ئۆلۈشۈڭ ئاسان، ئۆلۈشۈڭ ھەقىقەت. باشقىلارمۇ، ئەجەلمۇ سېنى ئۆلتۈرىدۇ. سەن ئۆلسەڭ سەندىن ھېچنېمە قالمايدۇ. ئەزەلدىن بۇرۇن ئۇ سېنى ئۆلتۈرەلمىسە ئۇ مەڭگۈ ياشايدۇ. سەن ئاشۇ سۆيۈملۈك قاتىلىڭنى يارىتالىساڭ سەن غالىب.

## مەن تېنىمگە يۈز كېلەلمەيمەن

مەن تېنىمگە يۈز كېلەلمەيمەن، غۇرۇرۇم كۆتۈرمىگەچكە ئەپسىز ئۈچۈن كىشىلەرگە تەلمۈرۈپ قاراشنى خالىمىدىم-دە، ئاچ قالدىم، ئۇزۇۋېلىنىش تېنىمنىڭ ئەقەللىي هوقۇقى ئىدى. بەدىنىم زەئىپلەشتى، مەن تېنىمگە يۈز كېلەلمەيمەن.

باشقىلاردىن ئارتۇقراق بولغان قانائەتسىز تەلۋىلىكىم زور ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا مېنى مەجبۇرلايتتى. مەن ئارام ئېلىشنى ئۇنتۇپ ئىشلىدىم. مېڭەم چارچىدى، پۇت-قوللىرىم، پۈتكۈل جىسمىم تالدى. مەن تېنىمگە يۈز كېلەلمەيمەن.

## يۈك

ئەمدى بىپەرۋا ئەمما سەگەك بولۇش ئادىتىمگە ئايلاندى. مەن ئۆز-ئۆزۈمنى تەربىيىلىمەكتىمەن، ئەمما كەلگەن كىچىك زەربىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن. مەن هامان بىپەرۋا بولالىسامۇ ئەمما مەڭگۈ بىپەرۋا بولالمايمەن. چوڭراق بىر، مەلۇم بىر خىل زەربىنىڭ ئۆز-ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىمغا سەۋەبچى بولىدىغاندەك ئىدى. ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالماسلىقىم ئۈچۈن قولدىن كەتكەن بۈگۈندىن ۋاز كېچىپ ئەتىگە ئېرىشىلىشىم كېرەك ئىدى. مەن ئۆزۈمگە ئەرزىمەس نۇرغۇن نەرسىلەرنى بەكلا بالدۇر، بەكلا كۆپ تەۋە قىلىۋالىدىكەنمەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ قولدىن كېتىش مۇمكىنچىلىكى ھەققەت بولسىمۇ مېنىڭدىن رەهىمسىزلەرچە كۆپ يۈز ئۆرۈشىگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم. شۇڭا مەن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىمدىن باشقىلىرىنى روهىمدىن سىرتقا تاشلىۋېتىشىم كېرەك ئىدى. بۇمۇ مېنىڭ يوغان چامداپ مېڭىشىم ئۈچۈن...

مەن بىپەرۋا ئىدىم، ئەمما ئىرادىلىك ئىدىم. مەن يارىدار بەدىنىمدىن ئوق تەگكەن بىلەك، قول، پۇتلىرىمنىڭ پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلىنىپ ئاقىۋەت يالغۇز بىر يۈرەكلا قالغان پېتى مەنزىلىمگە بارىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

(بېشى 30 - بەتتە)

ئۇخلاۋاتىدۇ. ياق! ئۇ ئۇخلىمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا يەنە شۇ رەهىمسىز كېچە، رەزىل چۈش. نومۇسسىز ئەبلەخلەر. ئۇلارنىڭ ئالداشلىرى، يېلىنىشلىرى، ئارقىدىن ۋارقىراش، ئەڭ ئاخىرىدا مەجبۇرىي كىيىملىرىنى سالدۇرۇشلىرى، ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشلىرى، ئارقىدىنلا يەنە... ئاشۇلار ھۆكۈمران بولۇپ لەيلەپ يۈرىدىغاندۇ.

ئادەملەر تولىمۇ ئەخمەق. قارشى تەرەپتە ئۆزىگە نىسبەتەن قىلچىلىك ياقتۇرۇش بولمىسىمۇ، خالىمىسىمۇ ئۆز كۆڭلىنى خوش ئېتىشىدۇ. نېمىشقا ئاشۇ رەزىل چۈشلەر خىيالىمغا كىرىۋالىدۇ؟ ئۇ يىلىماي دېسە تېخى. رەشىدەدە گۇناھ يوق. مەندىچۇ؟ ئەلۋەتتە مەندىمۇ گۇناھ يوق. ئۇنداقتا رەشىدەنى سۆيۈۋېرەي...

«ئىزلىنىش ھېكايىلەر»

# تۇمانلىق يەكشەنبە

(ھېكايە)

قاھار نىياز

ئۇ ئەتىرگۈلنىڭ بۇنداق سەت، كۆرۈمسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. ئۇنىڭ قات-قات بەرگلىرى پۈرلىشىپ كەتكەن لاتا پۇرۇچلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان پۇراقچۇ؟ خۇشبۇيمىش. ئۇ ئەتىرگۈل ھىدىنى ئىچىگە كۈچلۈك سۈمۈرۈپ بېقىپ سەسكىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ شاللاق كوچا ئاياللىرىنىڭ يۈزىگە سۈرۈۋالغان ئوپا-ئەڭلىكتىن كەلگەن يىرگىنىشلىك پۇراققا ئوخشاپ قالاتتى. «ئەتىرگۈل كۈلەرمىش، ئادەمگە مۇڭلىنىپ قارارمىش، ئۇ ھېسسىياتچان قىزغا ئوخشايمىش». ئۇ قاچانلاردا ئاڭلىغان شۇ سۆزلەرنى ئېسىگە ئالدى. كىشىلەر ئاغزىدا كەلگەننى جۆيلۈۋېرىدۇ. قېنى بۇنىڭ كۈلگىنى، ئۇ شۇنداق سوغۇق، ھېسسىياتسىز، بۇتتەك قېتىپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى سۇپۇرگىدىن نېمە پەرقى؟

ئۇ تەشتەكتىكى گۈلگە ئۇزاقتىن-ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى. گۈلمۇ خۇددى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەندەك، ياكى تىمتاس ھالدا بىر نەرسىنى خىيال قىلىۋاتقاندەك جىمجىت قېتىپ قالغانىدى.

ئۇ ئەمدى تەشتەكتىكى چىرىپ كەتكەن توپراقتىن كېلىۋاتقان قىغ ھىدىنى پۇراپ قالغاندەك بولدى. ھۇ لەنىتى!... گۈلمىش تېخى، مۇشۇ نەرسىنىمۇ پەرۋىش قىلىپ كەتكىنىمىنى. بۇنىڭ زادى نېمە پايدىسى بار؟ يا قۇشتەك سايراپ بېرەلمەيدۇ، ياكى باشقا ئىشقا ئەسقاتمايدۇ. گۈل ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەھمىيەتسىز ھەم بەدبەشىرە كۆرۈنۈپ كەتتىكى، كۆتۈرۈپلا دېرىزىدىن تاشلىۋەتكۈسى كەلدى. لېكىن بۇ نىيىتىدىن ياندى. چۈنكى ئۇ ھېچكىمنىڭ بىكاردىن-بىكارغىلا بۇنداق قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بىرسى كۆرۈپ قالسا مازاق قىلىشىدىن قورقتى...

بۇ بىر تەشتەك گۈل ئۇنىڭغا خوتۇنىدىن قالغانىدى. خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كەتمەستە ئۆيىدە بۇنداق گۈل تەشتەكلىرى كۆپ بولىدىغان. خوتۇنى گۈلگە تولىمۇ ھېرىسمەن ئايال ئىدى. خوتۇنىنىڭ نېمىشقا بۇنداق ئادىتى بارلىقىنى ئۇ ئانچە چۈشەنمەيتتى. ئەمما خوتۇنى كېتىش ئالدىدا تاپدۇرۇپ كەتكەن بىرنەچچە تەشتەك گۈلگە ھەرھالدا سۇ قۇيۇپ، پەرۋىش قىلىپ تۇردى. بۇ خىل ئادەت ئۇنىڭ گۈلگە ھېرىسلىكىدىن ئەمەس، بەلكى نېمىشقىدۇر قىلمىسا بولمايدىغاندەك بىر رېغبەتلىكتە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ئىدى. ئەمەلىيەتتە

ئۇ گۈل ھەققىدە ھېچنېمىنى ئويلاپ قويمايتتى. بىكار ۋاقتىنىڭ كۆپلۈكىدىن شۇنداق قىلدى دېسىمۇ بولاتتى. شۇنداقتىمۇ گۈللەرنىڭ قايغىنى بارا-بارا سولىشىپ قۇرۇپ كەتتى. پەقەت مۇشۇ ئەتىرگۈل ۋە يەنە ئىسمى نامەلۇم بىر تەشتەك گۈللا ھازىرغىچە قۇرۇپ قالماي كۆكلەپ كېلىۋاتاتتى.

دېرىزىنى ئېچىۋەتتى. تۇرالغۇ-تومەن ۋاك-چۇكلار ئۆي ئىچىگە بۆسۈپ كىردى. ئۆينىڭ سەل نېرىسىدا چوڭ يول بار ئىدى. يولدا ماشىنىلار، پىيادىلەر، ھارۋىلىقلار، ۋېلىسىپىتلىكلەر توختاۋسىز ئۇيان-بۇيان ئۆتۈشەتتى. ھەممىسى نېمىلەرگىدۇر ئالدىرايتتى، بىر كۈچى بىلەن ئالغا ئىنتىلەتتى، ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى. ئۇ ھەر كۈنى بۇنداق مەنزىرىلەرنى تولا كۆرۈپ جاق تويۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار نېمىگە شۇنچە ئالدىرايدىغاندۇ؟... خۇددى بارىدىغان مەنزىلىدە تۈگىمەس بايلىق باردەك... بەرىبىر مۇشۇ بىر كۈن كەچ بولىدىغۇ؟... ئۇ ئاشۇلارنىڭ ھەرقانچە ئالدىرىسىمۇ، بىر ئۆمۈر ماڭسىمۇ ھامان ئۆلۈپ، بىر ئوچۇم توپراققا، توپراقتىن ماۋۇ ئۆزى تۇرغان ئۆينىڭ تېمىدەك تاملارنىڭ بىر تال كېسەكىگە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇلارنى شۇنچە بىچارە ھېس قىلدى، ھەممىگە ئىچى ئاغرىدى.

چۇرۇقلاپ سايراۋاتقان قۇشقاچلارنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. دېرىزىگە يېقىن يەردىكى قارىياغاچتا بىر توپ قۇشقاچلار چۇرۇقلىشىپ شاختىن-شاخقا قونۇپ يۈرەتتى. ئۇلار زادىلا تىنىم تاپمايتتى. باشلىرىنى توختىماي مىدىرلىتاتتى. پۇررىدە ئۇچۇپ دەرەخنى بىر-ئىككى ئايلىنىپ يەنە قونۇۋالاتتى. نېمىگە شۇنچە خۇشال بولۇشۇپ كېتىدىغاندۇ؟ خۇددى بايرام بولغاندەك. مېنىڭچە ئۇلارمۇ چوقۇم بىرەر نەرسىگە تەنتەنە قىلىۋاتقان ياكى بىرەر مۇھىم مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشىۋاتقان بولسا كېرەك. بولمىسا بىكاردىن-بىكار بۇنچە خۇشال سايرىشىپ كېتەمدۇ؟ ئادەملەر بىلمىگەن بىلەن ئۇلارنىڭمۇ ئۆز تىلى بار. ئۇلارمۇ بىزدەك كۈلىدۇ، يىغلايدۇ، ۋارقىرايدۇ، ئاچچىلىنىدۇ ياكى بىر-بىرىگە ئىچ سىرىنى تۆكۈشىدۇ، قەلبىنى ئىزھارلىشىدۇ.

ئۇ شاختىن-شاخقا سەكرەپ چۇرۇقلىشىۋاتقان قۇشقاچلارغا ئۇزاق قاراپ تۇردى. قۇشقاچلار ھەققىدە كۆپ ئىدى. تۇرۇپلا كاللىسىغا بىر خىيال كېلىپ قالدى: بۇلار مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ-نېمە؟ بولمىسا نېمە دەپ دەرەخ تېپىلمىغاندەك ھەممىسى مېنىڭ بېشىمغا كېلىپ سايرىشىدۇ؟ راست، بۇ بىر-نېمىلەر ئۆزىچە ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ، مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭ لەقىمىمنى بىلىۋاپتۇ-دە، بۇ ھارامزادىلەر. بۇرۇن ئەجەب سەزمەپتىمەن. ئۇ ئەمدى قۇشقاچلارغا بىردىنلا ئاچچىقلىنىپ قالدى. قېرىشقاندەك قۇشقاچلار تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋەتتى. تېخى بىر جۈپى پۇررىدە ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ دېرىزىسى ئۈستىدە بىر ئايلىنىۋېتىپ يەنە دەرەخكە قونۇۋالدى.

ئۇ ئەمدى قۇشقاچلارنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىغا تولۇق ئىشەندى. سەپرايى ئۆرلەپ جۇدۇنى تۇتتى. قۇشقاچلارنى قوغلىۋېتىشنى ئويلىدى. لېكىن قانداق قوغلىۋېتىش كېرەك؟ يا ئاتقۇدەك بىر نەرسە بولمىسا. دېرىزىدىن پەسكە چۈشكىلى بولمايدۇ. ئاتايىن ئىشىكتىن چىقىپ بىرمۇنچە تار كوچىلارنى ئايلىنىپ دەرەخنىڭ يېنىغا بارسۇنمۇ؟ ئۇ مۇشۇ كىچىككىنە هارامزادىلەرنىڭمۇ ئۆزىنى كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ تۇرالماي كەتتى. بىكار ۋاقىتتا رەگەتكىدىن بىرنى ياساپ تويمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. كالىسىغا بىر ئەقىل كەلتى، دېرىزىنىڭ ئەتراپىغا قارىۋىدى، بىرمۇ ئادەم يوق. «هاۋ... هاۋ... هاۋ... هې... هاۋ!...» ئۇ ئىتنى دوراپ بار كۈچى بىلەن قاۋىدى، ئىتتەك ئەتراپقا قاراپ قويدى. قۇشقاچلارغا ئۇنى يەتمىدى بولغاي، هېچقايسىسى مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. ئۇ ئەمدى يەنە قاۋاشتىن نومۇس قىلدى. راست، دېرىزىنى يېپىۋەتسىلا بولمامدىمۇ؟ بايا نېمىشقا بۇنى ئويلىمىغاندۇ؟ ئۇ ئۆز ئەقلىدىن مەمنۇن بولۇپ دېرىزىنى مەهكەم ياپتى، ئىلغۇچنى ئىلىۋەتتى.

جىمجىتلىق. باش - ئاخىرى يوق جىمجىتلىق. گويا پۈتۈن جاهاندىكى هەممە جانلىق ئۆلۈپ تۈگەپ ئۆزى يىگانە قالغاندەك. گويا بارلىق ئاۋازلارنىڭ هەممىسىنى بىرسى «هاپ!» دەپلا يۇتۇۋالغاندەك.

تۇيۇقسىز ئىشىكنى بىرسى چەككەندەك قىلدى. قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىۋىدى جىم.

— كىرىڭ! هېچكىم يوق. قۇلىقىمغا شۇنداق ئاڭلىنىپ كېتىپتۇ - دە! مەيلى كىم بولسىمۇ بىرسى كىرسە بولاتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ قويدى.

كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. ئۆيگە بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقتى. جەلىپ قىلارلىق هېچقانداق يېڭىلىق يوق ئىدى.

تۇيۇقسىز هېلىقى كىچىك مىلىچ مال دۇكىنىدا ئۇچراتقان ئاق يۈزلۈك، پومساق ئايال يادىغا يەتتى. (شۇ ئايالمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلغانىدى). ئۇ پۆكەيدىكى ماللارغا قارىغاچ ئۇياقتىن - بۇ ياققا ماڭاتتى. قاپقارا پارقىراق ئۆتۈكى غىچ - غىچ قىلاتتى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانىدى. دىققىتى چېچىلغانىدى. ئۇ ئايالغا هوشسىز قارىدى. بايىقى يۇمىلاق، پومساق يۈزى بىردىنلا كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ كەتتى. مېنى تونۇيدىغان ئايال بولسا كېرەك، شۇڭا قەستەن ئۆتۈكىنى غىچىلدىتىپ ....غىچىلدىغان ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىپ دۇكاننى بىر ئالدى، يۈرىكىنى تاتىلاشقا باشلىدى.

— خېنىم، سېسىق ئۆتۈكلىرىنى كۆزۈمدىن يوقاتسىلا، مېنى زاڭلىق قىلمىغان سىلى قالدىمۇ ئەمدى؟

ئايال بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا نەزىرىنى ئاغدۇردى، دەقىقە هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇستى - بېشىغا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى:

— كالىلىرى جايىدىمۇ قانداق؟ — دېدى ئۇ ئاخىرى، — مەن سىلىنى نەدە كۆرگەن.

— تولا كاپشىماي كۆزۈمدىن يوقالـ

سىلا، بولمىسا ھېلى بىكار...

— تووۋا خۇدايىم، قىپقىزىل ساراڭ كەنغۇ ماۋۇ...

ئايالنىڭ گېپى ئاخىرلاشماستىن ئۇ مۇشتىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئايال «ئاپەي!...» دېگىنىچە دۇكان سىرتىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئىشلار ئىدى.

ئەجەب تولغان چوكان ئىدى، ئەمدى ئۇچرىسىمىغۇ... بەدىنىگە تازا قېنىپ قارىۋالسا. (چۈنكى ھازىر ئۇنىڭ لەقىمى نېمىشقىكىن كىشىلەر تەرىپىدىن ئۈن - تىنسىز ئۇنتۇلۇپ كەتكەنىدى.) لېكىن ئۇ چوكان ئۇنىڭغا ئىككىنچى يولۇقمىدى. ئېھتىمال باشقا يەردىن كەلگەن چوكان بولسا كېرەك. ئۇ يومشاق چوكاننىڭ لىغىلداپ تۇرغان بەدىنىنى يالىڭاچ ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بىردىنلا ھەۋىسى قوزغالدى. ئۇنى قوچاقلاپ سۆيگەن، كارىۋاتقا باسقان كۆرۈنۈشلەرنى تەسەۋۋۇر قىلدى... تۇرۇپلا يومشاق چوكاننىڭ ئورنىنى ئۆز ئايالىنىڭ سىماسى ئىگىلىۋالدى. ئايالىنىڭ تىنىقى، نازلىرى، ئۇھ تارتىشلىرى كۆز ئالدىدا شۇنداق ئېنىق جانلىنىۋالدى. ئۇ ئايالىنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتىپ ھېلىقى چوكاننى ئويلاشقا بار كۈچى بىلەن ئۇرۇنۇپ كۆردى. لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ چوكاننىڭ قىلىقلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. ئۇ چوكان پەقەت ئۇنىڭغا قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا قاراپلا تۇراتتى. ئۇ ئايال بىلەن ئۇنداق مۇناسىۋەت قىلىش مۇمكىن ئەمەستەك ئىدى. پەقەت ئۆز ئايالىلا ئۇنىڭغا بىردىنبىر ئەڭ تونۇش، ئەڭ يېقىن ھەم... ئۇنىڭ خۇي - پەيلىنى، نازلىرىنى، ئۆزگىچە پۇراقلىرىنى ئېنىق يادىغا ئالدى، ئىختىيارسىز دېمىنى ئىچىگە تارتىپ قويدى.

ۋۇي، ئەجەب ئۇنى ئويلاپ كەتتىمغۇ، خۇددى قويۇۋەتكىنىمگە پۇشايمان قىلغاندەك. بولدى ئۇنى خىيال قىلمايمەن، خىيال قىلماسلىقىم كېرەك. خىيال قىلىشقا بىر نەرسە تاپالمىسام، ھايۋانلارنى خىيال قىلساممۇ بولىدىغۇ؟ ئۇ ئاخشامقى بۆرىلەرنى ئېسىگە ئالدى. ئاشخانىدا تاماق يېگەچ «ھايۋاناتلار دۇنياسى»نى كۆرگەنىدى. ئاپئاق قارلىق دالىدا ئىككى بۆرە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېتىۋاتاتتى. «نېمىدېگەن ئەسەبىي» دەپ ئويلىغانىدى ئۇ، «بىر - بىرىنى تالىمىدۇ - نېمە؟» لېكىن ئۇنداق بولمىدى. بىردەم ئەركىلىشىپ ئويناشقاندىن كېيىن ھېلىقىدەك... تېلېۋىزوردا ئاخىرىنى كۆرسەتمىدى. پەقەت باللىق بولغانلىقىنىلا ئېيتتى. ئەر - خوتۇن بۆرىلەر ئەتىدىن - كەچكىچە بالىلىرىغا ئوزۇق ئىزدەيتتى، ئۇلارنى ئەركىلىتەتتى، ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئاپىرىپ تاغ - دالىلارنى ئايلاندۇراتتى. ئىش ئۆگىتەتتى. لېكىن باشقا ھايۋانلارغا شۇنچىلىك ۋەھشىي ئىدى. ئۇ بۆرىلەرنىڭ كۆپ جەھەتتىن ئادەملەرگە ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

راست، بىر چاغلاردا بىزنىمۇ بۆرىدىن تۆرەلگەن دېگەن رىۋايەتنى ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم. لېكىن بۇنىڭ ماڭا نېمە ئەھمىيىتى؟ ئۇ ئورنىدىن تۇردى، ئۆي ئىچىدە ماڭدى. موخوركا

ئوراپ تۇتاشتۇردى، كۆپكۆك ئەس
ئاستا سوزۇلۇپ تورۇسقا كۆتۈرۈلەتتى
ۋە نەلەرگىدۇر غايىب بولاتتى. «ئەجەب
ئىچىم سىقىلدى» دەپ ئويلىدى ئۇ،
«ئېزىپ قېلىپ بولسىمۇ بىرەرسى
كېرىسە بولاتتىغۇ».
شىرەنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا
كېلىپ ئولتۇردى. شىرە ئۈستىدە
قېتىپ كەتكەن نان پارچىلىرى، ئىككى
تاختا كونا گېزىت، قاسما قىلىشىپ
كەتكەن بىر لۆڭگە تۇراتتى. ئۇ
لۆڭگىنى ئېلىپ قوزۇققا ئىلىپ قويدى.
ئورۇندۇق يېنىغا كېلىپ بولۇپ، يەنە
يېتىش قارارىغا كەلدى. كارىۋاتقا
قىڭغايدى.
ئەلەم، ئۇنىڭ ئەلەمى قىزىق.
يا ئېغىزدا دېگىلى بولمايدۇ. ۋىچىل-
دىغان. غىچىلدىغان ياكى شۇنىڭغا
ئوخشاپراق كېتىدىغان ئاۋاز بولسىلا
ئۇنىڭ سەپراسى ئۆرلەيدۇ. ھەممىسى
ئۆزىگىلا قارىتىلغاندەك ھېس قىلىدۇ.
بۇ ئادەتتى لەقەمنى ئاشۇ ئىدارىدىكى
سەت، ھەجىيىپلا يۈرىدىغان ۋالاقتەك-
كۆر خىزمەتداشلىرى تاپقان. ياق،
توغرىسى ئۆزى تاپقان. شۇ كۈنى
ئۆزى كەچلىك كۆڭۈل ئېچىشقا بارمى-
غان بولسا بۇ ئىش يوق، ئۇ بۇرۇنمۇ
ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمىغانىدىكەن،
چاقچاقلىرىغا ئارىلاشماي تەنھا يۈر-
گەنىدىكەن بارمىسا ھېچكىم بىرنىمە
دېمەيتتى. توي-تۆكۈن، نەزىر-چى-
راقلارغىمۇ خۇشى تۇتسا ياكى خوتۇ-
نىنىڭ سەت تۇرىدۇ دېيىشى بىلەن
بېرىپ قوياتتى. باشقىلارمۇ بۇنىڭغا
كۆنۈپ كەتكەنىدى. شۇ كۈنى ئۆزد-
ەن كەتتى. ئۇ كۈنى ئىدارىدە نورۇز

بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن
كەچكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى
ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئايالى ئۇنى زورى-
لاپ دېگۈدەك ئۆيىدىن ئېلىپ چىقتى.
ئولتۇرۇشقا ئاساسەن دېگۈدەك ياشلار
قاتناشقانىدى. 30 - 40 چە ئادەم
يىغىلغانىدى. ناخشا - ئۇسسۇل، تانسا
ئارىلىقىدا ئويۇن باشلاندى. بۇلار
تولىمۇ قىزىق ئويۇن تاپقانىدى.
كىچىك كارتوچكىلارغا تەلەپ يېزىلىپ
ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىغا بىر-بىرلەپ
ئېلىپ كېلىنەتتى. ئولتۇرغان ئادەم
كارتوچكىدىن بىرنى تەۋەككۇلگە تار-
تاتتى، نېمە يېزىلغان بولسا شۇنى
ئورۇنلاپ بېرەتتى. سورۇن قائىدىسى
شۇنداق چىڭ بولىدىكى، ھېچكىمنىڭ
ياق دېيىشىگە ياكى چىقىپ كېتىشىگە
يول قويۇلمىدى. «خالىغان بىر ھاي-
ۋاننىڭ ئاۋازىنى دوراپ بەرسۇن».
ئۇنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى.
مانا تويە، شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا،
چوپچوك بولغاندا سەتلىشىپ نېمىنى
دوراپ يۈرەرمەن؟ ھەممەيلەننىڭ كۆزى
ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. شوخراق ئىككى
سورۇن باشقۇرغۇچى ئۇنى سۆرەپ
دېگۈدەك ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى.
ئۇ دەسلەپ تاتىرىپ كەتتى، كېيىن
مەڭزىلىرى قىزىشقا، پۇت-قوللىرى
تىترەشكە باشلىدى. ئاغزىغا گەپمۇ
كەلمەيۋاتاتتى. جۈپ-جۈپ كۆزلەر
ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆمرى-
دە بۇنچىلىك كۆپ ئادەمنىڭ بىرلا
ۋاقىتتا ئۆزىگە نەزەر ئاغدۇرغانلىقىنى
كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئارقىغا ئۆرۈ-
لۈپلا قېچىپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ بول-
دى. لېكىن بۇ تېخىمۇ سەت ھەم

كۆلكىلىك بىر ئىش بولاتتى. نېمىلا بولمىسۇن بىر نەرسىنى دوراش كېرەك! بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا چاشقان كەلدى. ئۆيىدە چاشقان كۆپ ئىدى، دائىم كېچىلىرى چاشقانلار ئۇۋىسىدىن چىقىپ چىسلىدىشىپ ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇراتتى. چاشقاننىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا ئەڭ تونۇشلۇق ئىدى.

— چاشقاننى دوراپ بېرەي...

كۆپچىلىك ئۇنىڭ يېڭىگۈنكى غەيرىتىدىن ھەيران قالدى ھەم خۇشال بولۇشتى، قىزغىن چاۋاك ياغدۇردى.

«ۋىچ ... ۋىچ ... ۋىچ !...... چىس ... چىس ... چىس ......»

كۆپچىلىك تېلىقىپ-تېلىقىپ كۈلۈشتى، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى، بەزىلىرى قورسىقىنى چاڭگاللاپ قالدى.

شۇ ئولتۇرۇشتىن كېيىن، ئۇنىڭ چاشقاننى دورىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ھەممەيلەننىڭ ئاغزىغا بىر كەلدى. چاشقاننىڭ ئاۋازى ھەممىسىگە ياد بولۇپ كەتتى.

ئۇ ھەيران قالدى ھەم قاتتىق ئاچچىقلاندى. ھېچكىمنىڭ كۆرسەتكەن نومۇرلىرىغا بۇنچىلىك كۈلمىگەن خالايىقنىڭ ئۆزىگە شۇنچە چاپلىشىۋالغانلىقىدىن ئاھانەت ھېس قىلدى. كۆپچىلىكتىن ئۆزىنى تېخىمۇ چەتكە ئالىدىغان بولۇۋالدى. كىم يېنىدا مۇشۇ توغرۇلۇق گەپ قىلسا، ئادىدىيىسى ئەسقىرتىپ قويسىمۇ خۇيى تۇتاتتى. ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردە بىر-ئىككىسى بىلەن سوقۇشقانمۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشداشلىرى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلماس بولدى ۋە بارا-بارا بۇ لەقەمىنى ئۇنتۇپ كېتىشتى. لېكىن ئۇنىڭ جىلى بولمىغان خۇيى يوقالمىماستىن، بەلكى سەۋەبسىزلا ئادەملەردىن نەرسە كېرەكلەرگە يۆتكەلدى. ئىشىك، شىرە، ئورۇندۇق... لارنىڭ غىچىلداشلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە مىخ سانچىلغاندەك يېقىمسىز، سەت ئاڭلىنىدىغان بولدى. بولۇپمۇ ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ھالەت تەبىئىيلا كۈچىيىپ كەتتى، بۇلارنى ئويلىماسلىققا ئۆزىنى شۇنچە زورلاپ باقسىمۇ زادىلا كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيتتى. ئويلىغانسېرى ئىچى تىتىلدايتتى. لەقىمى يوق چاغدا، بولۇپمۇ يېڭى توي قىلغان چاغلاردا، ئۇ خېلى تىنچ ئۆتۈپتىكەن، ئۇ ۋاقىتلاردا بۇنداق نەرسىلەر خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئايالىنىڭ تىنىقى تېمىنە ئۇرۇلدى. توي كېچىسى يادىغا يەتتى. تۈنجى قېتىم ئۇ بەكمۇ ھودۇققان ئىدى، ئاچا يېپ لەززەتلەنگەن، لېكىن پۈتۈن ئەزالىرى، ھەتتا كىرپىكلىرىمۇ چىپىلداپ تەرلەپ كەتكەن ئىدى. ئەتىسى بىر-بىرىگە تىك بېقىپ قارىيالماي يۈردى. بولۇپمۇ ئۆزىنى گويا بەكلا سەت ھەم نومۇسلۇق ئىش قىلىپ قويغان گۇناھكار ئادەمدەك ھېس قىلدى. كېيىنچە ئۇ خوتۇنىغا ئىچىنىكىپلا قالدى. سۆيۈپ قانمايدىغان، تۇچاقلاپ ھارمايدىغان بولدى. ھەممە كىشىدىن كۈنلەيتتى. ھەتتا ئوغلىدىنمۇ... تېخى بىر ياشقا تولمىغان ئوغلىنىڭ ئانىسىنىڭ باغرىغا مەھكەم يېپىشىپ ئۇنىڭ ئاپئاق، تولغان كۆكسىلىرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالا-

ماشىنىرى بىر دىنلا ئۇنىڭدا ئوغلىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك پەيدا قىلدى. ئوغلىنى ئىلىپلا كارىۋاتقا تاشلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولۇپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ئاي- كۈنلەر بىر- بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. بالىسىمۇ چوڭ بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئانىلىق بولغان ھېسسىياتى سەۋەبسىزلا بارا- بارا سۇسلاشقا باشلىدى. ئانىلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدىغان نەرسە ئىدى. ھەممە نەرسە ئەھمىيەتسىز ھەم بىمەنە تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. يالغۇز، تەنھا چاغلىرىنى سېغىندى: ۋاراڭ- چۇرۇڭ، غەم- غۇسسە يوق ئىدى. نېمە ئىش قىلىشى، نەدە تۇرۇشى بىلەن ھېچكىمنىڭ چاتىقى بولمايتتى. ھازىرچۇ؟ ئائىلىسىنىڭ مىڭ ياغىزا غېمى، كەپسىز بالىسىنىڭ باش ئاغرىتىشلىرى، ئىشتىن يېنىپ كېلىپ ئەمدى ئۆھ دەپ يېتىشىغا ئايالى يېنىغا كېلەتتى. دەسلەپ تاغدىن- باغدىن گەپ قىلاتتى. ئاندىن ئۇنى خەتلەردەك ئۇنى- بۇنى قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. كاللىسىغا كەلگەن خىياللىرىنى، تۇغقانلار، قوشنىلار... بىلەن بولغان ئۇششاق- چۈششەك ئىشلارنى، ئۆيگە شۇنداقلا ئۆزىگە نېمىلەرنى ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى... ئۇزاق سۆزلەيتتى. ئۇ جەمجىت ئاڭلايتتى، زادىلا پوزىتسىيە بىلدۈرمەيتتى. پەقەت ئاخىرىدا بىر- ئىككى ئېغىز گۇدۇڭشىپلا قوياتتى. خۇددى بۇ ئۆينىڭ ئەزاسى ئەمەستەك ئىدى. كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. ئائىلىنىڭ پارامق يۈكى خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە يۆكلىنىپلا قالدى، بارغانسېرى جۇدەپ ياشلىقى سۇسلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنداق تۇرمۇشتىن خوتۇنىمۇ خېلى بۇرۇنلا زېرىكىشكە باشلىغانىدى. لېكىن ئېغىزىدىن چىقىرالمايتتى. پەقەت يالغۇز قالغاندا مىشىلداپ يىغلىۋالاتتى. ئاخىر چىدىيالمىدى. ئېغىر- بېسىق، تەمكىن دەپ ئويلىغان ئېرىنىڭ ئەسلىدىنلا لايغەزەل ھەم قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىگە تولۇق كۆزى يەتتى.

— ئاجرىشىپ كېتەيلى، — دېدى ئۇ ئاخىرى، — مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئەڭ ياخشىسى يالا بىر چاغدا ئاجرىشىۋالايلى.

ئېرىدىكى بۇ سۆزلەر بەكلا غەلىتە ئاڭلاندى. ئۇ ئايالىنى بۇنداق دەيدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى، لېكىن گەپ قىلالمىدى. موخۇركىسىنى قاتتىق- قاتتىق شوراپ، ئۈن- تىنسىز ئۇزاق ئولتۇردى. كېيىن گەپ قىلماي يالا سىرتقا چىقىپ كەتتى. خوتۇن كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئېھتىمال ئۇ ئېرىدىن تاتلىق سۆز كۈتكەن، تەسەللى تەمە قىلغان بولغىيدى. لېكىن ئېرىدىن كۈتكىنىگە ئېرىشەلمىدى. دېمەك، ئۆزىدىن زېرىككىنى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بۇقۇلداپ، ئىچ- ئىچىدىن تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتكەنىدى. ئېرىنىڭ نېمىسىگە تارتىشىپ شۇنچە يىغلىغان بولغىيدىكىن تاڭ؟...

دېگەندەك ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاجرىشىپ كەتتى... ئۆيدە ئۆزىمۇ بىلمەستىن ئايالىنى ئويلاپ سالغانلىقىنى تۇيۇقسىز ئېسىدىگە ئالدى-دە، كاللىسىغا سىغدۇرالماي كىرىپ، خىياللىرىنى چالغىتىۋاتقان بۇ لەنىتى

خوتۇننى ئىچىدە تىللاپ قويدى. نېمە دەپ تىللىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. «خوتۇنۇمنى ئويلىمايمەن» دېگەن بىر سۆز ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەگىپ يۈرەتتى. لېكىن بۇ خىل ئۇرۇنۇش كۈچى ئاجىز بولۇپ، ھېچقانداق كۈچ كۆرسىتەلمەيۋاتاتتى. كاللىسىنىڭ بىر بۇرجىكىدە غۇۋا ئۇقۇم سۈپىتىدە ئەگىپلا يۈرەتتى. قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى ھامان ئالىيالى تەرەپكە سۆرەيتتى. ئەمەلىيەتتە باشقا ئويلىغۇدەك نەرسىمۇ تېپىلمايۋاتاتتى.

ئۇ ئېغىر خورسىندى. موخوركا ئورىدى. ئۆيىنىڭ ئىچىنى تۇمانىدەك ئىس قاپلىدى. تۇمانلار، كۆكۈش تۇمانلار. ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشىنىكسىز بىر تۇمان قاپلىۋالغانىدى. بۇ تۇمان قىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. بارغانسېرى قاپساپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى موجۇيتتى، ئاغرىتاتتى. بۇ زادى قانداق تۇمان؟ نېمىشقا ئۇنىڭ يۈرىكى سەۋەبسىزلا سىقىلىدۇ؟... بۇنىڭغا ئۇ جاۋاب تاپالمىدى.

ئۇ ئەمدى كارىۋاتقا ئېرىكىپ سوزۇلدى. تورۇسقا قاراپ قىمىر قىلماي ياتتى. ھېچنېمىنى ئويلىماسلىق قارارىغا كەلدى. بېشى چىڭقىلىۋاتاتتى. كېلى قىچىشقاندەك بولدى. ئارقىدىنلا يۆتىلىپ كەتتى. ئاغزىغا خەپرۈك چىقتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ تۈكۈرۈۋېتىش زادىلا خۇشيا قىلمىدى. ياتقان پېتى تۈكۈرسە ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ يۈزىگە چۈشەتتى. ئۇ ئاخىرى تۈكۈرۈكنى يۇتۇۋېتىش قارارىغا كەلدى.

— بۇ دېگەن ئۆز كېلىمىدىن چىققان نەرسە، ھېچنېمە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىدا بۇنى كۆرۈپ قالىغۇدەك ئادەممۇ يوق. ئۇ خەپرۈكنى غىرتتىدە يۇتۇۋەتتى. تورۇس ئۇنىڭغا بەكلا قارىداپ كەتكەندەك كۆرۈندى، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە چىۋىن قونۇۋالغانىدى. خۇددى جانسىز مەخلۇقلاردەك قىمىر قىلمايتتى. بەلكىم ئۇخلاۋاتقان بولسا كېرەك.

ئۇ كۆزىنى يۇمدى. ئۇنى يىراقتىن شېھىردىن بىر ئۇيقۇ ئۆز باغرىغا چىللاۋاتاتتى. مۈگدەشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز تىترىگىلىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ قۇلاق سالدى. يەنە تىترىگىلاش، ئاندىن چېس... چېس... ۋىچ... ۋىچ... ۋىچ... چاشقان! ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى. بىرەرمۇ چاشقان كۆرۈنمەيتتى. ھۇ لەنىتىلەر، يەنە پەيدا بوپتۇ - دە! خېلى يوقاتقاندەك قىلىۋىدىم. ئۇ بۇلۇڭدىكى ئىشكاپنىڭ ئاستىدىن تاختىمۇشۈكنى ئالدى. بىر ئايدىن ئاشتى، تېخى بىرەرمۇ چاشقان چۈشمىگەنىدى. بۇ ھارامزادىلەرمۇ قۇۋۇلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ تاختىمۇشۈكنى سەل بوشراق قىلىپ قۇرۇپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. قورسىقى ئاچقانلىقىنى سەزدى. ئاللىقاچان چۈش بولۇپ كەتكەنىدى. تاماق يېيىش كېرەكمۇ؟ قورسىقى تويسا يەنە خىيال باساتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر يېسە، كەچتە يەيدىغانغا يوق. ئۇخلاي دېسە ماۋۇ چاشقان يەنە ئارام بەرمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى كوچىغا چىقىپ بىردەم ئايلىناي، ئاندىن ئەتكەننى ئېلىپ كىرگەچ پۇت - قولۇمنى تازا ھاردۇراي، ئاندىن كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاي - دە، پوككىدە ئۇيقۇغا كېتەي. لېكىن

كوچىنىڭ ئايلانغۇدەك قېمىنى بارمۇ؟ بەرىبىر ئۇنى ئۆزىگە تارتقۇدەك بىرەر پېچكى نەرسە كۆزىگە چېلىقمايدۇ. لېكىن... (ئۇ ئايالىمنى ئۇچرىتىپ قالارمەنمىكىن دېگەن خىيالىنى ئېسىگە ئالدى-يۇ، دەرھال بۇ ئويىدىن نومۇس قىلىپ توختىۋالدى). لېكىن بىرەرسى بىلەن گەپلىشىۋالسىمۇ ھېساب بىقۇ؟ بىرەرسىگە سوقۇلۇپ كەتسە شۇ كىشى، يولنى خاتا ماڭسا ساقچى، مال باھاسىنى سورىسا پىرىكازچىك بىلەن پاراڭلىشىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ چاغدىكى گەپلەر ھەممىلا ئادەمگە دېيىدىغان گەپلەرغۇ؟ خۇددى ئۇنىڭ ئالغۇغا ئېلىپ قويغىنىدەك. يەنە كېلىپ ئۆزى ئاۋۋال سەۋەب قىلىشى كېرەك. بولمىسا ھېچكىم، شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ قويمايدۇ.

نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغىنىدىن كوچىغا چىققان ياخشىمىكىن دېگەن ئويغا كېلىپ قالدى.

ئۇ بىر نان، كىچىك بوتۇلكىلىق ھاراق ۋە بىر قاپ تۇزلىغان سەي كۆتۈرۈپ كىردى. كۆڭلى بەكلا غەش ئىدى. ھېچكىم بىلەن گەپلەشمىدى. بىرسىگە سوقۇلۇپ كەتتى. چوڭ يولنى قەستەن كېسىپ ئۆتتى. لېكىن ئۇنىڭغا گەپ قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئۇ ئاچچىقىدا دۇكانغا كىرىپ كىچىك بوتۇلكىلىق ھاراقتىن بىرنى ۋە سەي ئالدۇردى. ناۋايخانىغا كىرىپ نان ئالدى. ھەممىسىنىڭ باھاسى قەغەزگە يېزىقلىق، سوراش ھاجەتسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساتقۇچىلارمۇ ئالدىراش بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىغۇچىلىكمۇ ھەپىلى بولمىدى.

ئۇ ئىشكابىنىڭ تارتمىسىدىن سۈپسۈزۈك ئەينەك رومكىنى ئالدى. ھاراقنىڭ قاڭسىق ھىدى ئۆينى قاپلىدى. رومكىدىكى ھاراققا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ پات-پات زادىلا بولالمىغانىدا مۇشۇنداق يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىچىپ قوياتتى. بەك ئاچچىق بولغاچقا كۆپ ئىچەلمەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھاراق كۆلرەڭ، پورۇقلاپ قايناۋاتقان، دوغ سۈيىدەك قويۇق-قىراق ھالەتتە بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەبىي قۇدرىتىنى سىرتقى كۆرۈنۈشىدىلا نامايان قىلالايدىغان بولاتتى. لېكىن ئۇ ھەيران ئىدى. بۇلاق سۈيىدەك سۈپسۈزۈك، مۇزدەك. بىر قاراشتا ئادەمگە تاتلىقتەك تۇيۇلۇپ بېرىدىغان بۇ غەلىتە ئىچىملىكنىڭ قۇدرىتىگە ئەقلى يەتمەيتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ بىر ھەقىقەت ئىدى. ئۇ رومكىنى قولىغا ئېلىپ كۆپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى. ئەيھانناس! زەھەرمۇ مۇنچە ئاچچىق بولماس.

ئۇ قېقىلىپ كەتتى. نان چايندى.

ھاراق يېرىمىدىغانىدا ئۇنىڭ بىردىنلا قەيى قىلغۇسى كەلدى. ئەمدى ئىچمەي، جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى، بېشى سەل پىرقىرىغاندەك بولدى. كاردىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى...

ئايالى ئالدىغا بىر لېگەن پولۇ قويدى. پولوغا بېيە، گۆلە بېسىلغانىدى، ئىسسىق ھوري كۆتۈرۈلەتتى. جوزا ئۈستىدە چاشقانلار يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. شۇنچىلىك ئوماق ھەم چىرايلىق ئىدى.

— ھېلىمۇ مۇشۇلارنى بېقىپ قويۇپتىكەنمىز، — دېدى ئايالى، — بولمىسا زېرىكىپ ئۆلەركەنمىز. مەن بۇلارنى ئۆز بالامدەك كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم.

چاشقانلار ئايالىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. چىسىلداپ سايرىشىپ كەتتى. ئايالىنىڭ قوللىرىدا، مۈرىلىرىدە ئويناپ يۈرەتتى. ئېگەنگە تەلمۈرۈپ قاراشتى. يوغان بىر چاشقان يۈگۈرۈپ كېلىپ لېگەنگە ئالدى پۇتلىرىنى تىقتى. ئۇ چاشقاننى ئەتتىرەۋەتتى.

— ھاي، ئۇنداق قىلماڭ، بېرى كېلىڭلار، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ سىلەرگە ئاش بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

ئايال بىر تەخسىگە پولو ئېلىپ كېلىپ چاشقانلارغا قويۇپ بەردى. ھەممە چاشقان زىل ئاۋازلىرى بىلەن تەكلاچۇر قىلىشتى: «رەھمەت سىزگە ئاپا» ئۇ چاشقانلارغا ھومىيىپ قاراپ قويدى.

... ئايالى بىلەن كارىۋاتتا ياتاتتى.

— سەن يوق بەكمۇ غېرىبسىنىدىم، — دېدى ئايالى، — كۈندە ئاخشىمى ئۇخلىماي تولغىنىپ چىقىمەن. ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن. — ئايالى شۇنداق دېگەچ يوتقاننى قايرىپ بەدىنىنى ئېرىگە كۆرسەتتى، بەكمۇ ئورۇقلاپ كەتكەنىدى، سۆڭەكلىرى قولغا ئۇرۇناتتى. كۆكسىنىڭ ئورنى مەيدىسىنىڭ ئىچىگە ئويۇلۇپ كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئايالىنىڭ بەدىنىنى سىلىدى. تاشتەك قاتتىق ھەم مۇزدەك سوغۇق. ھەممە يېرىدىنى ئۇزاقتىن-ئۇزاق سىلاپ چىقتى. زادىلا ئىسسىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. باياتىن قۇچاقلاپ ئەجەب سەزمەپتىمەن دەپ ئويلىدى ئۇ، ئۇنى چوقۇم ئىسسىتىمەن، ئىسسىتىشىم كېرەك. ئۇ ئايالىنى سۆيدى، پۇرىدى، يېنىش-يېنىشلاپ سىلىدى...

ئۇ ئويغىنىپ كەتتى. يەردە دۈم ياتاتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى قاقتى. «توۋا، قاچانلاردا يەرگە چۈشۈپ كەتكەندىمەن، شۇنچە يىقىلىپمۇ ئويغانماپتىمەن.» ئۇ بېشىنىڭ سەل ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. كۈن بىرچەتكە قىيسايغانىدى. ئاچچىق بىر قاچا سۇيۇقئاش بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! بىراق ئەمدى پۇل يوق، كېلەر ھەپتە مائاش بەرسە تازا بىر تويۇۋالىمەنغۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ چۈشلىرىنى ئەسلەشكە باشلىدى. قىزىق، بالىسى زادىلا چۈشىگە كىرمىگەنىدى. بالىسىنى ئۇ كوچىدا ناگان-ناگاندا ئۇچرىتىپ قالاتتى. ھەي، شۇ بالامۇ ئوبدان ئىكەنتۇق، نېمىلا دېگەنبىلەن مېنى زېرىكتۈرمەيتتى، چاقىلداپ ھازىمايتتى...

بەش ياشلاردىكى بۇ ئوغۇل بالىنىڭ چاچلىرى، قاشلىرى ساپسېرىق، كۆزلىرى كۆپكۆك. ئىچىدە قۇرۇت بارىدەك زادىلا جىم تۇرمايدۇ. ھەدېسىلا ئۆزىنىڭ-بۇنىڭ بىلەن چېپىلىپ باقىدۇ، ئۆيدىكى قولغا چىققۇدەكلا نەرسە بولسا ھەپىلىشىپ بۇزۇپ باقمىسا ھېساب ئەمەس. ھەپتىدە بىرەر قېتىم بىر چىنىنى سۇندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇنىڭدەك كەپسىز، بۇزغۇنچى بالىنى كۆرۈپ باققان ئەمەس. بەزىدە ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمۇ قالىدۇ. ئوغلىنىڭ بۇرنىنىڭ بىر تۆشۈكىدىن

دائىم پوتلىسى چىقىپ تۇرىدۇ. خارت-خارت قىلىپ تارتىپ قويىدۇ.

دادىسى تازا بېرىلىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندا پاكىي كارىۋاتتا مۇشۇنداق يېتىپ خىيال سۈرۈۋاتقانىدا يۈگۈرۈپ يېنىغا كېلىدۇ-دە، يىرىدىك ساقاللىق ئېڭەكلىرىگە چوكۇلدىتىپ تۆت-بەشنى سۆيۈۋېتىپ، يۇمران مەڭىزىنى سۈركەشكە باشلايدۇ.

—ئوھۇش، بولدى قىلە، —ئۇ بالىنى ئىتتىرىۋېتىپ ئېڭىكىگە مۇزدەك تەگكەن نەرسىنى سىلاپ باقىدۇ، —ئوغلىنىڭ ماڭقىسى.

—بۇرنۇڭنى تاشلىساڭ بولمامدۇ؟ قاچانغىچە چوڭ بولمايسەن؟

بالا ئالدىراپ چاپىنىنىڭ يېڭىنى نۆۋەت بىلەن بۇرنىغا ئاپىرىدۇ.

—ئاپلا، ھا كاساپەتنى. يېڭىڭگە ئېرىتما دەيمەن! مۇنداق قىلە!

بالا شۈمشىيىپ تۇرۇپ يەر تېگىدىن دادىسىغا قاراپ قويۇپ ئىككى قولىنى ئالدىغا چىقىرىدۇ. پارقىراپ قوغۇشۇندەك قېتىپ كەتكەن چاپىنىنىڭ يېڭىنى كۆرۈپ دادىسىنىڭ سەپرايى ئۆرلەيدۇ، بىرمۇنچە قايناپ، قولىغا بىر كالىلەك قەغەزنى تۇتقۇزۇپ تالاغا بۇيرۇيدۇ. بىراق بالا ئەتىسىلا يەنە كونا ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ...

ئۇ پېشىنگىچە كۈلۈپ قويدى. ئوغلىنى كۆرگۈسى كەلدى. قەلبىگە ئىللىقلىق بىر سېزىم يامرىدى.

«ھازىر بولسىمۇ-ھە! يەنە شۇنداق ماڭقىسىنى سۈۋاپ بۇرنى سۆيۈپ قويسىمۇ مەيلى ئىدى.» ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى.

ئۇ يەنە ئادەم سېغىنىپ قالدى. مەيلى كىم بولسىمۇ بىرسى كىرسە بولاتتىغۇ ئاخىر! قەلەندەر بىر نەرسە تىلەپ كىرگەن بولسىمۇ بولۇۋېرەتتى. بىر ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشسىلا كۇپايە ئىدى. كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن بولاتتى.

ئۇ مۇشۇ ئولتۇرۇشىدا نېمىدۇر بىر نەرسىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. لېكىن نېمىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ھەرقانچە ئويلاپمۇ تاپالمىدى. ئىشقىلىپ ھامان بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك، بىرەر مۆجىزىۋى ئەھۋال يۈز بېرىدىغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ مۆجىزىۋى ئەھۋال دەپ نېمىنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى.

موخوركا ئوراپ تۇتاشتۇردى. بىگىز بارماق توملۇقىدىكى تاماكىنى كۆچەپ ئىككى تارتىۋىدى، خۇددى كانىيىغا بىرسى زىق تىقىۋالغاندەك چىدىغۇسىز ئېچىشىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ياش چىقتى. بىردەم ھاسىراپ دېمىنى ئېلىۋالدى. يەنە چېكىشكە باشلىدى.

تۇيۇقسىز تاماكا چوغىدىن چۈشكەن بىر تال ئۇچقۇن بىلىكىگە چۈشۈپ، پىژىلدە كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇ سەكرەپ كەتتى. تاماكىنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئاتتى، مەڭزىنى قاغىدى. «قورسىقىم ئاچ، شۇڭا تاماكا ئېغىر كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. شىرەدىكى نانغا قاراپ قويدى، زورلاپ بولسىمۇ ئازراق يېيىش كېرەك.

ئۇ قاچىغا سۇ قۇيۇپ نان چىلىدى. يېرىمىنى ئىچىپ قالغىنىنى زادىلا ئىچكۈسى كەلمىدى. نان بەكمۇ ئاچچىق يېقىملىغانىدى.

ئىشىك ئالدىغا مەقسەتسىزلا چىقتى. ئۆينىڭ ئەتراپىنى سانجاق-سانجاق پاكار كېسەك ئۆيلەر ئوراپ تۇراتتى.

لېكىن بۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىشىكى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەكسى تەرىپىگە قارايتتى. شۇڭا ئاۋۇ يەردىكى يۇندا كۆلچىكىگە بىرە-بىرە يۇندا تۆككىلى ئادەم چىقمىسا، بۇ تار كوچىدىن ئانچە ئادەم ئۆتمەيتتى. تۇيۇقسىز چوڭ يول تەرەپتىن ئىككى بالا يۈگۈرگىنىچە بۇ تەرەپكە كەلدى. ئۇ ئۆزىگە يېقىنراق تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ موخۇركا ئوراشقا باشلىدى. بىرسى سەرەڭگە يېقىپ بەردى. نۆۋەت-نۆۋەت بىلەن ھۇزۇرلىنىپ چېكەتتى. بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشاتتى. ئاشۇ بالىلار چېغىدا ئۇنىڭدەك تېپىنالمايتتى. خۇددى ئىنتايىن قىممەتلىك بىر نەرسىنى ئىچىگە يۇتۇۋالماقچى بولغاندەك ھەۋەس ۋە قانائەتسىزلىك ئىچىدە ئىچىگە شورايتتى. بىرسى ئوغلىغا سەل ئوخشىشىپ قالاتتى، لېكىن سېرىق ئەمەس ئىدى.

بۇ بالىلارغا قاراپ تۇرۇۋېرىپ ئۆزىنىڭمۇ خۇمارى تۇتۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. يېنىپ كىرىپ چاپاننىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇۋىدى، موخۇركا تۈگەپتۇ. بايا تاشلىۋەتكەن موخۇركا كۆتىكىنى تېرىپ ئېلىپ قايتا تۇتاشتۇردى. كاردىۋاتقا سوزۇلۇپ ياتتى.

«ھەي، بۇ بىر كۈنمۇ كەچ بولدى» دەپ ئويلىدى ئۇ «بۈگۈن ئەجەب ئاچ قالدىما، ئاناڭنى...»

بەزى-بەزىدە قوشنىسى ئۇنىڭغا بىرەر قاچا ئاش ئەكىرىپمۇ بېرەتتى. يالغۇز دەپ شۇنداق قىلاتتى. چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا: —قاچىنى سۇنۇۋەتمەڭسىز ھە!—دەپ قوياتتى. ئۇ ئاشنى گەپ قىلماي ئالاتتى-يۇ، ئىچىدە بىر ئاز خورلۇق ھېس قىلاتتى. قوشنىسى ئۆزىنى كۆزگە ئىلمايۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئەمەلىيەتتە ھەممە ئادەم ئۇنىڭ كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنەتتى.

ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەممىلا ئادەم ئۆزىگە بۇيرۇق قىلىش ئۈچۈن يارالغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئىدارە باشلىقى، كوچىدىكى ئادەملەر، ئايالى، بالىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ بۇ قىزغىن، ئەسەبىي ئادەملەرگە بەكلا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭىمۇ ئادەملەرگە ئارىلىشىشتىن قورقاتتى. بۇيرۇق قىلغۇچىلارمۇ، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ بەرىبىر ئۆلمەمدىغۇ؟ ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئاددىي ھەقىقەتنىمۇ چۈشەنمەي، خۇددى مەڭگۈ دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى بولىدىغاندەك جاھ تىكلىشىپ، غادىيىپ ياشايدىغىنى قىزىق.

لېكىن رېئاللىق ئۇنىڭ خىيالىدىكىدەك ئەمەس، بەلكى ئۆز رىتىمى بويىچە شۇنچىلىك تەبىئىي ھەم بىر خىل يوسۇندا كېتىۋېرەتتى. ھېچقانداق ئالاھىدە بىر ئىش يۈز بەرمەيتتى. بەزىدە ئۇ بۇنداق ئەھۋالغا قاراپ بارلىق ئادەملەرنى گويا بىر سايىدەك، بار-يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايدىغاندەك، پەقەت ئۆزى ئادەم بار دەپ ھېس قىلغىنى ئۈچۈنلا ئالدىدا «ئادەم» ئاتالغۇسىدىكى نەرسىلەر مىدىراپ يۈرگەندەك ھېس قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ بىردىنلا غەيرەتلىنىپ، ئۆزىنى دۇنيادىكى ھەممىدىن ئۈستۈن ئىلاھىي كۈچتەك، ھەممىسىنى ئۆز روھىيىتىدە باشقۇرۇۋاتقاندەك قەلبىدە چەكسىز بىر قۇدرەت ۋە ئۇلۇغۋارلىق سېزەتتى...

چېكىۋاتقان موخۇركىسىمۇ تۈگىدى. ئۇخلاش كېرەك. ئۇخلىغاندىلا ھەممىنى

ئۇنتۇلغانلىقى، ھەممىدىن قۇتۇلغانلىقى بولاتتى. ئۇخلاش ھەم ئۆلگەنلىك ئەمەس، ھەم ياشىغانلىق. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى چارە ئىدى.

ئۇ كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ جىمجىت ياتتى. ئايالى، لەقىمى، ئىشىك ئالدىدىكى ئىككى بالا، چاشقانلار... ئۇنىڭ قاپقاراڭغۇ خىيال دۇنياسىدا چۈشىنىكسىز، گادىرماش ھالەتتە ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۇ نەرسىلەر بىرى بىلەن شۇنچىلىك ئېلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، قايسىنىڭ ئايال، قايسىنىڭ چاشقان، يەنە قايسىنىڭ باشقا نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ ئايرىپ بېرەلمەيتتى...

...ئۆلۈم، جىنازا... ئۇ جىنازا ئىچىدە ياتاتتى. ئۇ ئۆلگەنىدى، كۆمگىلى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. «ئۆلۈم دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن-دە» دەپ ئويلىدى ئۇ، «مەن تېخى ھېچنېمىنى خىيال قىلغىلى بولامىسىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. خىيال قىلالىدىكەنسەن، پەقەت، ئۇنى باشقىلارغا بىلدۈرەلمەيدىكەنسەن. قىسقىسى، مىدىرلىيالمايدىكەنسەن. ھەي، ئايالىم بىلەن بىر كېچە يېتىۋېلىپ ئۆلگەن بولسامۇ ئارمانسىز كەتكەن بولار ئىدىم. لېكىن مەن قاچان ئۆلگەنىدىمەن؟ نېمە سەۋەبتىن ئۆلگەنىدىمەن؟» ئۇ بۇلارنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەسلىيەلمىدى. ئەسلىگەن تەقدىردىمۇ ئۇ بەرىبىر ئۆلگەن تۇرسا، ئۇنىڭ ئەمدى نېمە پايدىسى؟ خەيرىيەت، ئەمدى مەڭگۈ قارا گۆر ئىچىدە ياتىدىغان بولدۇم. ئادەمگە بۇنىڭدىنمۇ زېرىكىشلىك ھەم ئازابلىق ئىش بولامدۇ؟

ئۇ كېتىۋاتاتتى. بۇ يول تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىردىنلا قولىقىغا غىچىلدىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. بىر خىل رىتىملىق ئاۋاز ئىدى، شۇنچىلىك ئېنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى. جىنازىنىڭ ئاۋازى دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. ئۇنىڭ غەزىپى يەنە قوزغالدى. تىرىكلىكىمدىغۇ ھەممىنىڭ ئانىسى تاپتىڭ، ئەمدى ئۆلگەنىدىمۇ مېنى جىم ياتقۇزمامسەن؟ ئۇ شۇلارنى ئويلاپ قاتتىق جىلى بولدى. يىغلىغۇسى كەلدى. بىردەم يېتىپ باقاي، بۇ دەك ئاخىرقىسىغۇ. ئېھتىمال قەبرىستانلىققىمۇ يېقىنلىشىپ قالغاندىمىز.

لېكىن بۇ ئاۋاز توختىغاندەك ئەمەس ئىدى. چوقۇم جىنازا كۆتۈرگەنلەرنىڭ ئىشى دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، جىنازىنى قەستەن يۇقىرى-تۆۋەن قىلىپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان گەپ. راست، جىنازا مېنى كىم كۆتۈرگەنىدۇ؟ ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىممۇ ئۆزىگە ئاراملىق بەرمىگەن بۇ لەنىتىلەرنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ جىنازىنىڭ يوچۇقىدىن قارىدى. ئالدى تەرىپىنى ئىككى ئادەم كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنى تونۇيالمىدى. ئەمدى ئارقا تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قارىدى. قىزىق، ئارقا تەرەپنى ھېچكىم كۆتۈرمىگەنىدى. جىنازا كەينىدە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. توۋا، بۇ قانداق بولغىنى؟ ئېھتىمال بۇ مۇشۇنداق ياسالغان جىنازا بولسا كېرەك.

ئۇ ئورنىدا ياتتى...گۇدۇڭشىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. ئايالى بىلەن بالىسىنىڭ ئاۋازىدەك قىلاتتى. توغرا، شۇلار ئىدى. ئۇلار بىر نېمىلەرنى

دېيىشىۋاتاتتى. دەسلەپ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. قۇلىقىنى دىڭ تۇتتى:

— دادامنى تېزرەك كۆمۈۋەتسەك بولاتتى ئاپا، يېڭى دادام قاچان كېلىدۇ؟

— ھازىر داداڭنى كۆمۈۋېتىپلا ئۆيگە بارساق ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى ئايالى، — ئەمدى سەن ئاجايىپ ياخشى بىر دادىغا ئېرىشىسەن. ئۇ ساڭا دېگىنىڭنى ئېلىپ بېرىدۇ. ئۇرمايدۇ، تىللىمايدۇ. بىز بېرىپلا توي قىلىمىز.

— ئۇنداق بولسا تېزرەك بولساق بولاتتى ئاپا، قەبرىستانلىق يىراقمۇ؟

— خېلى بار.

— مەن بەك ھېرىپ كەتتىم ئاپا، مېنى تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويە.

— ياق بالام، سەن چىقىۋالساڭ يامان بولىدۇ... يەنە كېلىپ ئۇلار ئىككىسى تاۋۇتنى كۆتۈرگىلى ئۇنىمايدۇ، ھېلىقۇ ئۇلارنى پۇل بېرىپ ئاران ئۇنىتتۇق...

— جېنىم ئاپا، مېنى تاۋۇتقا چىقىرىپ قوي، تاۋۇتقا مىنىمەن!... ھى... ھى... ھى!...

ئۇ دەرغەزەپكە كەلدى. «ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!» ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى... ئۇ ئۆز كارىۋىتىدا ئولتۇراتتى، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەنىدى. ھاسىراپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى.

ئۆي ئىچىگە قاراڭغۇلۇق يامرىغانىدى. نەرسىلەرنى بەكمۇ غۇۋا ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئۇ گويا يىراق بىر سەپەردىن ھازىرلا قايتىپ كەلگەن ئادەمدەك چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئەمدى قورسىقى ئاچقانىدەكمۇ قىلمايتتى. لېكىن پۇت - قولىدا ماغدۇر يوق ئىدى. بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتاتتى.

كىم بولسىمۇ بىرسى كىرسە بولامدۇ؟ ئوغرىدىن بىرى پىچاق كۆتۈرۈپ كىرسىمۇ مەيلى ئىدى! بىر - ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىۋالسىلا بولاتتى.

ئايالى، بالىسى. بالىسى بولسىمۇ كىرىپ قالسا - ھە! ئۇنىڭغا قەلبىدىكىنىڭ ھەممىنى تۆككۈۋالسا... بۇ بەك ياخشى بولاتتى. ئۇ شۇنداق خىيال قىلىپ تۇراتتى، ئىشىكنى بىرسى چەككەندەك قىلدى. ئۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى. بىردىنلا خۇشاللىنىپ كەتتى. «ئوغلۇممىكىن» دەپ ئويلىدى ئۇ، ئەگەر شۇ بولسا «دادا، ئاپام ئاغرىپ قالدى، سېنى كەلسۇن دەيدۇ» دېسە ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئىشىكنى ئاچتى...

# شېئىردىكى ئەپسانە ۋە ئەپسانىدىكى مۇزىكا

پەرھات ئىلياسىنىڭ «قومۇشلۇقتىن باشلانغان يوللار» ناملىق پوۋېستىغا بېغىشلايمەن.

ئەكبەر سالىھ

كائىناتنىڭ بۇ زوجىكىدىكى ئىپتىدائىي كەپىدىن تەمتىلەپ چىقىپ كەلگەن بىر سەبىي گۈگراش ئاشۇ مۇقەددەس كىندىكتىن يىپ تارتقىنىچە يىراق-يىراقلارغا ئۇزاپ كەتتى. ئەمما بۇ ئۇچقۇر ئاياغلار قەدىمى يەتكەنلىكى يەرگە گىگانت بالىلاردەك مەغرۇر ئۇندەشلەرنى تىكلىۋەتكەن، كائىناتنىڭ ئەڭ چەت زۆھرە يۇلتۇزلىرىغا قەدەم باسقان ھالەتتىمۇ، ئۇزاق خىلۋەتتىكى ئاشۇ قەدىم كەپە، ئاشۇ «قومۇشلۇقتىن باشلانغان يوللار»... يەنىلا ئالتۇن سۈپەتچاقلاردا قەد تىكلەۋاتقان بۇ زامانىۋى ئاڭغا ئۆزىنى ئەسلىتىدۇ، سېغىندۇرىدۇ...

بۇ قېتىم بىزنىڭ زوقلىنىش مۇھىتىمىزغا ئاققۇ پەيدەك لەيلەپ كىرگەن ئاشۇ پاك ۋە چىن قەدىمكى قومۇشلۇق ماكان تۇيغۇمىزنى چوغدەك يېلىنجىغان بىر پارچە لىرىك شېئىر ئۈستىدە قايتا قۇرۇۋالدى.

ساجىدەنىڭ تېنىدىن باراقسانلىغان قومۇشزار ماكان بىر گۈزەل ئەپسانە، بۇ ئەپسانە ساجىدەنىڭ دانىيار بىلەن بۇلاق بويىدا تونۇشۇپ قالغانىدا توقۇلۇشقا باشلايدۇ. ساجىدە بۇ ئەپسانىنى ئىلاھىي ئاۋازدا بايان قىلغۇچى، شۇنداقلا بۇ ئەپسانىنىڭ ئۆزى. ئۇنىڭ ئارمانلىق خىياللىرى ئۇنى پارچىلاپ قومۇشلۇق يوللارغا، دەريا، سازلىقلارغا چېچىۋېتىدۇ. شۇڭا قومۇشزارنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن شېئىر پۇرىقى، ساجىدەنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ.

ساجىدەنىڭ رېئال ماكانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى مۇنداقلا ئېيتقاندا ھاياتتىكى بەختسىز بىر كەچمىش. مۇبادا ئۇنىڭ پىسخىك ماكانىدا باراقسانلاپ تۇرغان ئارمانلىرى بولمىغانىدا ئىدى، ئۇ بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزنى ھېچقاچان بۇنچىلىك چايقىتالمىغان بولاتتى.

ئەسەردە مەنزىرە، مۇھىت، خىيال ۋە تەسەۋۋۇر دېڭىز سۈيىدەك تولۇق سۈيۈلدۈرۈلۈپ ساجىدەنىڭ ئوبرازى ئاشۇ تىپتىنچ دېڭىز سۈيى تېگىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ كېلىۋاتقان ئاپئاق بېلىقتەك جەلپكار ۋە مول ھېسسىياتلىق يارىتىلغان. ئاپتور ئالاھىدە ۋە ساددا بىر تۇرمۇش مۇھىتى بىلەن بۇ مۇھىتتا ياشاۋاتقان ساجىدەنىڭ ئاق پاك ئالەمىنى شېئىرىي ۋە مۇزىكىلىق كەيپىيات ئىچىدە چىنلىق بىلەن يۇغۇرۇپ، ئەسەردە كىتابخاننىڭ تۇيغۇلىرىنى

قوچۇۋېتىدىغان، كىتابخانىنى بۇ قومۇشزار ماكانغا باشلاپ كىرىدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچنى يارىتالىغان. «شۇنىڭ بىلەن يۈگمەچ گۈللەر قومۇش باراڭنى بويلاپ پىلەك تارتىپ تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. ئاندىن قومۇش باراڭنى ئارتىلىپ چۈشۈپ تەرەپ-تەرەپكە يېيىلغىلى تۇردى. ھەش-پەش دېگۈچىلا ھويلا، قومۇشلۇق، دەريا... پۈتۈن زېمىننىڭ ھەممىسىنى يۈگمەچ گۈل بېسىپ كەتتى!

ساجىدە بۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەردىن قاتتىق ھوزۇرلىنىپ كەتتى.

بىر چاغدا يۈگمەچ گۈللەر ئۆزىنى بۇ ئاپەتتىن قاچۇرۇپ ماشىنىنى ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي ھەيدەپ كېتىپ بارغان دانىيارنى ماشىنا بىلەن قوشۇپلا يۈگىۋالدى-دە، يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.»

ساجىدە دانىيار بىلەن خۇپىيانە ھا!١٠ ھاياتلىق مېڭىسىگە ئېغىر تەگكۈزۈشكەندىن كېيىن، قومۇشلۇق ماكانىنىڭ تىنچلىقى، پاكلىقى ۋە ئېغىر خىيالىدەك جىمجىتلىقى بەربات بولدى. ساجىدەنىڭ يۈرىكىگە دەز كەتتى. بۇ ئىپتىدائىي ئاڭنىڭ مەشھۇرى. زامانىۋى ئاڭ بۇ گۈزەل ناخشىنى تولۇقى بىلەن ئوقۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس... شۇندىن كېيىن ساجىدە دانىيارنى كۈتتى. ئەمما ئۇ مەڭگۈلۈك ئازاب بىلەن ئىڭىرىغىنىچە، بۇ ئىپتىدائىي ماكانغا قومۇش بولۇپ كۆكلەپ سىڭىپ كەتتى.

ئادەم پسىخىكىسى ماكانىدا رېئال ماكاندىكىدىنمۇ ئۇزۇن ھەم بەختلىك ياشىيالايدۇ. شۇنداقلا رېئال ماكاندىكىدىنمۇ ئۆتە ھەم ئازابلىق ياشايدۇ. شۇڭا بۇ ماكان ئادەمگە ئەڭ ئەركىن دۇنيا. ساجىدەنىڭ رېئال ماكاندىكى پائالىيىتىنىڭ پسىخىك ماكانغا ئۆتەلىشى سەۋەبلىك بىز خىلۋەتتىكى بۇلاق سۈيىنىڭ قويۇق ياپيۇزلار ئارىسىدا ئاستا ۋە ئېغىر ھالدا تىم-تىم ئېقىۋاتقان ھالىتىدەك كۆز ياشلىق بىر مۇزىكىنى ئاڭلىغاندەك بولىمىز. بۇ مۇزىكا ئۇكسۈشتەك تىترەڭگۈ ۋە شۇ قەدەر ھەسرەتلىك.

ساجىدەنىڭ خىيال، تەسەۋۋۇرلىرى ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە ئەھۋاللارنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلمىغان. شۇڭا ئۇ بىزگە رېئال ماكاندىكى مۇزىكىلاشقان بىر خىل چىن تۇيغۇلارنى بەخش ئېتىدۇ ۋە بىزنىڭ يۈرەك رىتىمىمىزنى قاينىمىلىق سۈكۈتلەرگە باستۇرىدۇ. تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھېس قىلساق بۇ سۈكۈتلەر ھاياتلىقىمىزنىڭ تىمتاس تۇرۇۋاتقان ئەڭ نازۇك ھېسلىرىدىن تارتىپ، قىيانىلاۋاتقان تەگسىز ئارمانلىرىمىزغىچە بولغان بارلىقىمىزنى كۆيدۈرگۈچ قوللار بىلەن سىلاۋاتقانلىقىنى، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا جاۋاب بېرىشنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى سېزىمىز. شۇنداق، «دۇنيا سۈكۈتكە پاتقان؛ ھەممە نەرسە ھەرىكەتتىن توختىغان؛ يۇلتۇزلار جىمىرلاشتىن، قومۇشلار شىۋىرلاشتىن، پاقىلار كورۇلداشتىن، شاماللار غۇرۇلداشتىن؛

سۇلار ئېقىشتىن، يەر شارى ئايلىنىشتىن، تىرىكلەر ئۆلۈشتىن، ئۆلۈكلەر تىرىلىشتىن...»

(داۋامى 84 - بەتتە)

# كۆڭۈل

(ھېكايە)

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن

ياز كېلىشى بىلەنلا مەن ھەر يىللى يازلىق تەتىلدە چىقىپ دەم ئالىدىغان يېزا كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. نەغمىچى قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، ماھىر تەبىئەتنىڭ قىر - داللارغا سالغان نەقىشلىرى، يېشىل دەل - دەرەخ، رەڭدار گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپلەرنىڭ پۇراقلىرى يېزىدا بولغان تەلپۈنۈشۈمنى تېخىمۇ كۈچەيتەتتى. مانا بۇ يىللىقى ئوقۇشلىرىمىزمۇ تۈگەپ، يازلىق تەتىلىمىز باشلاندى. خىيالىمغا يەنە يېزا مەنزىرىسى كىرىۋالدى. كۆجۈم مەھەللىلەر، گۈل - چېچەككە پۈركەلگەن مېۋىلىك باغلار، پايانسىز كەتكەن سالا ئېتىزلار، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىزغۇچ، ساغۇچ ئارىلاش بىنەملەر، سۈپسۈزۈك ئېرىق - ئۆستەڭلەر، سۇ ياقىلىرىدىكى بۆلجۈرگەنلىك چاتقاللار... ئۇخلىسام چۈشلىرىمگە يېزىلىق دوستلىرىم بىلەن باغ ۋە داللاردا چۇرقىرىشىپ ئويناپ سۇغا چۆمۈلگەنلىرىمىز، سېغىز كولاپ، تۆت قۇلاق ئىزدەپ سەيلە قىلغانلىرىمىز، كېچىلىرى چۆچەك ئېيتىشقان ياكى مۆكۈ - مۆكۈلەك ئوينىغانلىرىمىز كىرەتتى. ئەنە شۇنداق ئەسلەش، سېغىنىش بىلەن تەتىلىمىزنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۆتۈپ كەتتى. شەھەر ھاياتى زېرىكىشلىك، مەنىسىز سېزىلمەكتە ئىدى. ئولتۇرسام - قوپسام خىيالىم يېزىدا...

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاپام مېنى شەرق مەھەللىسىدىكى كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە سىيادان ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. يولدا ئوينىغاچ مېڭىپ، كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە قانداق بېرىپ قالغانلىقىمنى تۇيماي قالدىم. كۈن چىقىش تەرەپكە قارىتىپ سېلىنىغان دەرۋازىدىن كىرىشىمگە كۆزۈم ھويلىدا تۇرغان كۆكەك ھارۋىغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تىۋىزىدىن كوۋسىلىتىپ يەم يەۋاتقان ئاتقا چۈشتى. بۇ مەن تونۇيدىغان ئات، چوڭ دادامىلارنىڭ جىرەن ئېيتى ئىدى. ھارۋىمۇ دەل ئۆزى. قانداقتۇر بىر ئىسسىق ئېقىم ۋۇجۇدۇمغا تارقىغاندەك بولدى. خۇشاللىقىمدىن ئالدىراپ كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا كۆزۈم ئالدى بىلەن يېزىدىكى چوڭ ئاپامنىڭ ئوغلى رۇستەمكامغا چۈشتى. ئۇ كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كىچىك ئاپاملار بىلەن سۆزلىشىۋاتقانىكەن. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ رۇستەمكامنىڭ بوينىغا ئېسىلدىم. ئۇ مېنى مۇرەمدىن تۇتۇپ ئەھۋال سورىدى:

— قانداق ئەھۋالىڭ، ئوقۇۋاتامەسەن، سەھراغا قاچان چىقىسەن؟

رۇستەمكام كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى

تېپىپ سورىغاچقىمۇ ئىچ-ئىچىمدىن خۇشال بولۇپ كەتتىم:

— سېنىڭ بىلەن چىقىپ كېتىمەن، بىزنى يازلىق تەتىلگە قويۇپ بەرگىلى بىر ھەپتە بولدى، — دېدىم مەن روستەمكامنىڭ يېنىدىن جاي ئېلىپ.

— بوپتۇ، مەن بىلەن چىقىپ كەت. سەھرادىكى ئاغىنىلىرىڭ سېنى قاچان چىقىدۇ دەپ سوراپ تۇرىدۇ. ئۆرۈكلەرمۇ پىشىپ تۆكمە بولۇپ قالدى.

ئۆرۈكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاغزىمغا سۇ كەلدى. ئالتۇندەك سۈزۈك ئاق ئۆرۈكلەر، قىزىلقاچا، كىشمىشلەر كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى.

— سەھراغا قاچان ماڭىسىلەر، — دېدىم روستەمكامغا تاقەتسىزلىنىپ.

— مەن بازارغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، — دېدى ئۇ، — ئەسلىدە سىلەرنىڭ ئۆيگىمۇ بېرىپ كەلمەكچى ئىدىم، بازاردىكى ئىشىمنى پۈتتۈرۈۋالسام بولمايدۇ...

— مەن سېنىڭ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمەن جۇمۇ؟ — دېدىم روستەمكامغا بايىقى سۆزۈمنى تەكرارلاپ.

— ماقۇل دېدىمغۇ، ھەدەمۇ بىللە چىقىدۇ، — دېدى روستەمكام جاۋاب كۈتكەندەك كىچىك ئاپامغا قاراپ.

— سىز بازاردىكى ئىشلىرىڭىزنى پۈتتۈرۈۋېلىڭ، زاكىر سىيادانىنى ئاپىرىپ بەرگەچ ئاپىسىغا دەپ قويۇپ كەلسۇن. ئەتە ئەتىگەندە ماڭايلى، قانداق؟

— ئۇنداق بولسا ھازىرلا بېرىپ ئاپامغا دەپ قويۇپ كېلەي.

— نەرسە-كېرەكلىرىڭنى ئېلىپ ئەتىگەنلىككە كەلسەڭمۇ ئۈلگۈرىسەن. سېنى ساقلاپ تۇرىمىز، سەن كەلگەندىن كېيىن ماڭىمىز، — دېدى كىچىك ئاپام بېشىمنى سىلاپ.

مەن كىچىك ئاپام قەغەزگە ئوراپ بەرگەن سىيادانىنى ئېلىپ ئۆيگە ئۇچقاندەك چاپتىم. ئۆيگە كىرسەم ئاپام كىر يۇيۇۋېتىپتۇ. مەن كىرىپلا سۆزلەپ كەتتىم:

— ئاپا، سەھرادىن روستەمكام كېلىپتۇ، ئەتە ئەتىگەن چىقىپ كېتىدىكەن. كىچىك ئاپاممۇ چىقىدىكەن، مېنى بىللە ئېلىپ چىقىدىغان بولدى، — دېدىم قولۇمدىكى قەغەزگە ئورالغان سىيادانىنى تەكچىگە قويۇۋېتىپ.

— روستەمكام كىرىپتۇ؟ قاچان؟ بىزنىڭكىگە كەلمەمدىكەن؟

— بىزنىڭكىگە كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، بازاردا ئىشى بار ئىكەن، — دېدىم يېڭىم بىلەن پېشانەمدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ.

— نېمانچە قىزىرىپ كەتتىڭ، يۈگۈرۈپ ماڭغان ئوخشىمامسەن؟ كىيىملىرىڭنى يۇيۇۋاتاتتىم، قۇرۇغاندا دەزماللاپ بېرىمەن، بۈگۈن يېتىپ دەمىڭنى ئال. — دېدى ئاپام قولىنى ئىشتىن توختاتماي.

— تېزرەك دەزماللاپ بەر، بۈگۈن كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونىمەن.

— نېمىنگە ئالدىراپسەن، قولۇمنى بىكار قىلىپ نەرسە-كېرەكلىرىڭنى تەييارلاپ بەرمەيمەنمۇ؟ ئەتىگەنلىككە سېنى مەن ئۆزۈم ئويغىتىپ قويىمەن...

بۈگۈن ناھايىتى تەستە كەچ كىردى، ئورنۇمغا كىرىپ ياتتىم. بىراق ئۇزۇنغىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

قاچانلاردۇر ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئاپامنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى:

— زاكىر، بالام، تۇرغىن! كۈن چىقىپ كەتتى. چايلىرىڭنى ئىچىپ ماڭ، كىچىك ئاپاڭلار سېنى ساقلاپ قالمىسۇن!

دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، كىيىملىرىمنى كىيىپ، يۈزۈمنى يۇدۇم، ئالدىراپ-تېنەپ چېيىمنى ئىچىپ، ئاپام بوپلاپ بەرگەن كىيىملىرىمنى ئالدىم، ئۇنىڭغا يېزىدا چىققاندا ئوقۇيدىغان كىتابلىرىمدىن بىرنەچچىنى سېلىپ ئۆيدىن چىقتىم. ئاپام مېنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ ئارقامدىن قاراپ قالدى. مەن يەنە يۈگۈرگەنچە كىچىك ئاپالارنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم... ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغان بىر قانىتىنى ئىتتىرىپ هويلىغا كىرسەم تۈنۈگۈن مەن كۆرگەن ئات-هارۋا يوق؛ كىچىك ئاپالارنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قارىسام قۇلۇپلاق قىلىق. بېشىمدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ تۇرۇپ قالدىم. شۇ قورۇدىكى قوشنىسى خېلىچىمدەملەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ سورىدىم:

— خېلىچىمدە، كىچىك ئاپالار يوققۇ؟

— تۈنۈگۈن كەچتە سەھراغا چىقىپ كەتتى. سەھرادىن تۇغقىنى هارۋا ئەكىرگەن ئىكەن، — دېدى ئۇ ماڭا مۇلايىمغىنە جاۋاب بېرىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قولۇمدىكى بوپا چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى.

— نېمە بولدى، بىرەر مۇهىم ئىش بارمىدى؟ — دېدى خېلىچىمدەم ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ.

هېچنېمە دېمەي كەينىمگە بۇرۇلدۇم-دە، ئېگىزدىن يىقىلىپ چۈشكەن ئادەمدەك هالسىزلىنىپ ئۆيگە يول ئالدىم. ئۆيگە كەلگىچە كىچىك ئاپالارنىڭ قورسىقىغا قانداق جىن كىرگەنلىكىنى بىلەلمەي ئەلەم چېكىپ ماڭدىم. ئېيتقىنى ئېيتسام كىچىك ئاپالارغا ئۆچلۈكۈم كەلدى. ئۆيگە كىرىپلا بوپىنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. ئاپام مېنى كۆرۈپ ئالدىمغا كەلدى. كۆزلىرىمدىكى ياشنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدى بالام، نېمىشقا يىغلايسەن؟ — ئاپام ماڭا قاراپ تېڭىرقاپ قالدى.

— كىچىك ئاپالار سەھراغا چىقىپ كېتىپتۇ، — ئەلەمدىن غەزىپىم ئۆرلەپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم.

— ئۇلار قاچان چىقىپ كېتىپتۇ؟ — ئاپام يېنىمغا كېلىپ سورىدى.

— تۈنۈگۈن...

— تۈنۈگۈن؟ — هەيران بولدى ئاپام، — ساڭا ئەتىگەنلىكتە ماڭىمىز دەپتىكەنغۇ؟

— كىچىك ئاپامغۇ شۇنداق دېگەن، بىراق مەن ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلارىنى نەدىن بىلەي...

— تۇۋا، — دېدى ئاپام، — بۇ ئۇلارنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ، كىچىك بالىنى ئۇمۇلدۇرۇپ. بولدى بالام، يىغلىما، بىرەر تونۇشلار چىقىپ قالسا سېنى شۇلارغا قوشۇپ قويىمەن. ئالدىرىمىساڭ، داداڭ ئىلىقىدىن كەلگەندە ئۆزۈم ئېلىپ چىقارمەن.

— ياق، بۈگۈن، بۈگۈن بولمىسا ئەتە يېزىغا چىقىمەن، — دېدىم چاھىللىقىم تۇتۇپ.

شۇندىن كېيىن ئاپام ئۇ قوشۇپ

يۈرۈپ مەھەللىمىزدىكى قېيۇمكامنىڭ دوستلىرى بىلەن يەكشەنبە كۈنى ئۆرۈك سەيلىسىگە چىقماقچى بولغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئاپام مېنى يەكشەنبە كۈنى شۇلارنىڭ ھارۋىسىغا سېلىپ قويدى. چۈش بولاي دېگەندە يېزىغا يېتىپ چىقتۇق. چوڭ ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە يېقىن كەلگەندە قېيۇمكام مېنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ قويدى. ئۆزلىرى يۇقىرىقى مەھەللىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

چوڭ ئاپاملارنىڭ ھويلىسىغا كىرسەم ئۇلار گۈللۈك ئارىسىدىكى بۇگۇلۇك ئۈستىدە تاماققا ئولتۇرۇشقانىكەن. ئۇلار مېنى كۆرۈپ «زاكىرغۇ، زاكىر چىقىپتىغۇ؟» دېيىشتى. چوڭ ئاپام ئالدىمغا يۈگۈرگەندەك كېلىپ پېشانەمگە سۆيدى. جوزىدىكىلەر ماڭا ھەيران بولۇشۇپ، بەزىلىرى خۇشال بولۇشۇپ قارايتتى. مەن چوڭ ئاپامنىڭ قولىدىن چىقىپ چوڭ دادامنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ قولۇمدىن تۇتۇپ قېشىدا ئولتۇرغۇزدى-دە:

— قانداق ئوغلۇم، تىنچ تۇردۇڭمۇ؟ ئاتا-ئاناڭ تىنچلىقمۇ؟ قانداق چىقتىڭ؟ — دېدى.

— قېيۇمكاملار بىلەن چىقتىم، ئۇلار مېنى دەرۋازا ئالدىدا ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ قويۇپ ئۆزلىرى يۇقىرىقى مەھەللىگە ئۆتۈپ كەتتى.

— ھوششەرە، — دېدى چوڭ دادام، — ئوقۇشلۇرۇڭ قانداقراق؟

— 4-سىنىپقا كۆچتۈم. يازدا ئوقۇيدىغان كىتابلىرىمنى بىللە ئېلىپ چىقتىم.

— يارايدۇ، يىگىت، — دېدى چوڭ دادام، — قاراڭلار، ئوقۇيدىغان كىتابلىرىنىمۇ ئۇنتۇماي ئېلىپ چىقىپتۇ.

— مەن ئۇنتۇپ قالىدىغان كىچىك ئاپام ئەمەس، — دېدىم قورسىقىمدىكى ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن.

ھەممە پاراقلاپ كۈلۈشتى، كىچىك ئاپام بىلىنەر-بىلىنمەس ھىجىيىپ:

— مېنى دەۋاتامسەن؟ — دېدى ماڭا كۆز قىسىپ.

— ھە، رۇستەمكام ئىككىڭلار مېنى ئالداپ قويۇپ كېتىپ قاپسىلەرغۇ؟ سىلەر ئەچىقمىساڭلارمۇ ئۆزۈم چىقالالايدىكەنمەن؟ — دېدىم كىچىك ئاپامغا قاراپ.

— بالام، تاماققا قارا، قورسىقىڭ ئېچىپ كەتكەندۇ، — دېدى چوڭ ئاپام ئالدىمغا تاماق كەلتۈرۈپ.

رۇستەمكاك ئالداپ قويغىنى ئۈچۈن كېيىنچە بىرەر ۋاقىت چىقىرىپ سېنى قوغۇنلۇققا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەلسۇن، چىلگىلەر پىشىپ قاپتۇ، ئۆزۈڭ يېگەچ بىزگىمۇ ئالغاچ كەل، بولامدۇ؟ — دېدي چوڭ دادام بېشىمنى سىلاپ.

ماقۇل دېگەندەك بېشىمنى ئىرغىتىپ جوزىدىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتتىم. رۇستەمكام كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كىچىك ئاپامغا قارىدى. كىچىك ئاپام بولسا كېكىردىكىگە نان تۇرۇپ قالغان ئادەمدەك دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن خۇشاللىقىمدىن باغقا قاراپ يۈگۈردۈم...

# ئۆگەي ئانا

(ھېكايە)

ئوسمان قادىر

مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2-سىنىپى-دا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ئانام ئاغرىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدى. ئانامنىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ، ئورۇقلاپ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى. ئانام ئاق يۈزلۈك، ئوتتۇرا بوي، كەم سۆزلۈك، چىرايىدىن دائىم كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان مېھرىبان ئايال ئىدى. مېنىڭ چىراي-شەكلىم ئانامغا بەكمۇ ئوخشايتتى. شۇڭا مېنىڭ بەزى كەپسىز ئاداشلىرىم چىشىمغا تېگىپ ئەتتەي:

— ئەلھام قىز، — دېيىشەتتى.

ئانام دوختۇرخانىدا ئۇزاق يېتىپ قالدى. بارغانسېرى ئاجىزلاپ، چىراي-لىرى تېخىمۇ سۇزۇلۇپ، دائىم كۆز يېشى قىلىدىغان بولۇپ قالدى. دادام مېنى دوختۇرخانىغا كەچلىك تاماق ئاپىرىدىغاندا پات-پات بىللە ئاپىراتتى. ئانام مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ، ئانىلىق مېھرى بىلەن پىشا-نەمگە سۆيۈپ قوياتتى ۋە كۆزىدىن ئاققان ياشلار ياستۇقىغا ئېقىپ ھۆل قىلىۋېتەتتى. مەن بۇنىڭ سىرىنى بىلەلمەي:

— ئانام ئەجەبمۇ يىغلاڭغۇ بولۇپ قاپتۇ، — دەپ ئويلايتتىم.

ئانام كۈندىن-كۈنگە ئورۇقلاپ، چىرايلىرى سارغىيىپ، بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. ئانامنى يوقلاپ كېلىدىغانلارمۇ كۆپەيگەنلى تۇردى. ئانامنىڭ مەكتىپىدە بىللە ئىشلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار كۈنىدە دېگۈدەك مېنىڭدىن ئانامنىڭ ئەھۋالى-نى سورايتتى ياكى نۆۋەت بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئانامنى يوق-لايتتى. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئانام ھوشسىز دېگۈدەك ياتتى. تاماق-نىمۇ تۈزۈك يېمەيتتى. ھەتتا تىلدىنمۇ قالدى. مەن گۆدەك بولغانلىقىمدىن «ئانام ئۇخلاۋاتىدۇ، ئارام ئېلىۋاتى-دۇ» دەپ ئويلاپتىمەن. بىچارە دادام-نىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ خۇددى كىرپىنىڭ تىكەنلىرىدەك بولۇپ كەتتى. ئورۇقلاپ، كۆزلىرى قىزىرىپ قانداقتۇر قىممەتلىك بىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ئولتۇرغان يېرىدە خىيال سۈرىدىغان پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئەتىياز كۈنلىرى ئىدى. يەرلەرنىڭ پاتقاقلىرى تېخى قۇرۇپ كەتمىگەن، ھاۋا ئۆزگىرىپ سوغۇق شامال چىقىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن مەكتەپتىن قايتىپكەلسەم ئانامنى ئۆيگە يانىدۇرۇپ ئەكېلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئانام ئارانلا نەپەس ئالاتتى. ئۆيدە موماممۇ بار ئىكەن. قوشنىلىرىمىزنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى. ھەممە يلەن قانداقتۇر بىرەر پالاكەت يۈز بېرىدىغاندەك ئەنسىز كۆرۈنەتتى. ئەتىسى مەن مەكتەپكە ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا مومام مېني چاقىرىپ:

— ئەلھامجان، ئوبدان بالام، بۈگۈن مەكتەپكە بارمىغىن، ئىشىڭ بار، — دېدى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ئېسىمدە يوق، دادام، مومام ھەم قوشنىلىرىمىز ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇپ ئالدىرىشىپ كەتتى. مومامنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئانامنىڭ يېنىغا كەلسەم قوشنىمىز ئانامنىڭ ئېڭىكىنى داكا بىلەن تېڭىۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرۈپ بەك قورقۇپ كەتتىم. يۈرىكىم سىقىلىپ، ئۆزۈمنى يوقاتقان ھالدا يىغلاپ ئانامنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ: «ئانا، جېنىم ئانا! مېنى تاشلاپ كەتمە، ئوبدان ئانا، مەن سېنى بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز خاپا قىلمايمەن» دەپ يالۋۇرۇپ يىغلىدىم. لېكىن ئانامدىن سادا چىقمىدى. ئۇنىڭ قوللىرى پۈتۈنلەي مۇزلاشقا باشلىغانىدى.

دادام، مومام ۋە باشقىلار ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا كۆز يېشى قىلىشتى. ئانامنى قوزغىماي ئۇستىگە ئاق رەخت يېپىپ قويدى. مومام مېنىڭ بېلىمگە ئاق باغلاۋېتىپ كۆز يېشىنى تۇختىتالمىغان ھالدا:

— بالام، بىز ئانىڭدىن ئايرىلدۇق، مېنىڭ كۆيۈمچان قىزىم بىزنى تاشلاپ كەتتى، — دەپ مېنى باغرىغا بېسىپ، مەڭزىمگە يېقىپ يىغلاپ كەتتى. مەن نېمە دېيىشىمنى، قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلمەي، ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلدىم، ئانامغا ئۆزۈمنى ئېتىپ بوۋاقچە يىغلىدىم...

شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن يەتتە نەزىر ۋە قىرقى نەزىرلەرنى ئۆتكۈزدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي مومام سىڭلىم مېھرىگۇلنى «مەن بېقىپ قاتارغا قوشۇپ بېرەي، قىزىمنىڭ قايغۇسى شۇنىڭ بىلەن بىر ئاز يەڭگىللەپمۇ قالار» دەپ يۇرتىغا ئېلىپ كەتتى. مەن دادام بىلەن قالدىم.

مەن دائىم ئانامنى ئەسلەيتتىم، چۈشۈمگە كىرىپ قالسا، ئانام شۇ كۈنىلا ئوكۇمدا ئۆيگە قايتىپ كېلىدىغاندەك، مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىشقا ئالدىرايتتىم. ئۆيگە كېلىپ ئانامنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئۆپكەم ئۆرۈلەتتى... بۇنداق چاغلاردا ئانامنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئۈن سېلىپ يىغلىسام، خېلى يەڭگىللەپ قالاتتىم. دادام كەچتە ئىشتىن كەلسە، مېنىڭ يىغلىغىنىمنى كۆرۈپ:

— ئەلھامجان، يەنە يىغلاپسەن - ھە! كىم سېنى خاپا قىلدى، — دەيتتى - دە، بىردىن كۆزىگە ياش ئالاتتى.

دادامغىمۇ تەس ئىدى. ئانام ھايات ۋاقتىدا ئاش - تاماق ئېتىش، ئۆي ئىشى، كىر - قات يۇيۇشنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلاتتى. ھازىر پۈتۈن ئۆي ئىشى دادامغىلا قاراشلىق ئىدى.

دادامنىڭ چاچلىرىغا ئاق كىرىپ، پېشانىسىگە ياڭاق پوستىدەك قاتار - قاتار قورۇقلار چۈشۈپ، بىراقلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئانامدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى قىسقىغىنە بىر يىل بىزگە خۇددى ئون يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. ئۆيدە ئولتۇرسام غېرىبلىق، يېتىملىق ھېس قىلىپ، ئۆيىمىزدىن سوغۇق شامال چىقىپ تۇرغاندەكلا بىلىنىدىغان بوپقالدى. دادام خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەيتتى.

ئۆيىمىزنىڭ ھەممە ئىشى دادامغىلا قاراشـ
لىق ئىدى. مەنمۇ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلاتتىم. لېكىن يەنىلا ئانامـ
نىڭ يوقلۇقى ئۆيىمىزنىڭ زىننىتىنى ئۇچۇرۇۋاتقانىدى. دادامنىڭ بەزىدە ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، كۆڭلەكلىرىنىڭ ياقىلىرى كىرلىشىپ قالغان، روھىي چۈشكۈن ھالەتتە كۆرسەم ئانام يادىمغا كېلىپ قاتتىق ئازابلىناتتىم. دوستلىرىمنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىرگە تۇرغىنىنى، ئانىلىرى بىلەن خۇشالـ
خۇرام بىللە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالسام، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ بوينۇم قىسىلىپ قالاتتى. ئۆزۈمنى «يېتىم» ھېس قىلىپ بىئارام بولاتتىم.

بىر كۈنى كەچتە دادام ماڭا:

— بالام ئىلھامجان، ئاناڭ ئالەمدىن ئۆتكىلى بىر يىلدىن ئاشتى، سەنمۇ جىق جاپا تارتتىڭ. بىز كۆپ قىينالـ
دۇق. شۇڭا ساڭا بىر «ئانا» ئەكىلىپ بېرەيمىكىن دەيمەن، — دېدى.

مەن دەسلەپ بىر ئاز ئىككىلەندىم. كېيىن «مېنىڭمۇ باشقا ئاداشلىرىمغا ئوخشاش ئانام بولىدىغان بولدى. مەكتەپتىن كەلسەم ۋاقتى قارارىدا ئىسسىق، ياخشى، مەززىلىك تاماقـ
لارنى يەيدىغان بولدۇم» دەپ خۇشال بولۇپ ھاياجانلاندىم.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە دادام مېنى بالدۇرلا ئويغىتىۋەتتى. ئۆزى بىر ئاز جىددىيلەشكەن ھالدا:

— ئىلھامجان، ئوبدان بالام، ماڭا ياردەملەش، بۈگۈن ئۆيگە مېھمان كېلىدۇ، — دېدى.

دادام بىلەن ئىككىمىز ئىشىكـ
دېرىزىلەرنى سۈرتۈپ، پەردىلىرىنى تۈزەشـ
تۈردۇق. پوللارنى يۇيدۇق. دادام مېنىڭ باش - كۆزۈمنى يۇيۇپ، پاكىز كىيىمـ
لىرىمنى كىيدۈرۈپ قويدى. دادام ساقاللىرىنى پاكىز قىرىپ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ ياشىرىپلا قالدى. چۈشكە يېقىنلاشقاندا دادام سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئالاھەزەل قىرىق مىنۇتلاردىن كېيىن دادام بىر ئايالنى ئۆيگە باشلاپ كىردى ۋە مېنى تونۇشـ
تۇردى. تىنچلىق - ئامانلىق سورىغانـ
دىن كېيىن، ھېلىقى ئايال مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ قويدى. دادام ئۇ ئايالنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ:

— بالام، بۇ مەريەمخان ئاچاڭ، بۈگۈندىن كېيىن ساڭا ئانا بولماقچى، — دېدى.

ماڭا ئانا بولغۇچى ئۇ ئايال پاكار، سېمىز، ئاق سېرىق، كۈلگىنىدە ئاغزىدىكى تۆت دانە ئالتۇن چىشى پارقىراپ تۇرىدىغان ئايال بولۇپ، خېلى سىپايە، مۇلايىمدەك كۆرۈنەتتى.

بىر - ئىككى ئايدىن كېيىن دادام توي قىلىپ، ئانامنى ئۆيىمىزگە يۆتـ
كەپ كەلدى. بىر مەزگىل خېلى ياخشى ئۆتتۇق، بولۇپمۇ دادام ئۆيدە بار ۋاقىتلاردا ئانامنىڭ ماڭا بولغان پوزىتسىيىسى، كۆيۈنۈشى، مۇئامىلىسى باشقىچە بولاتتى. كېيىنچە مېنىڭ ئىسمىم «ئىلھامجان» بولماي ئۇنىڭغا «يېتىم ئوغلاق»، «ئانىسىنىڭ بېشىنى يېگەن شۇم» دېگەندەك لەقەملەر قوشۇـ
لۇشقا باشلىدى. كۈندە دېگۈدەك دىلىم ئازار يەپ، دەشنەم ئىشىتىپ، كۆز يېشىم قۇرىمايدىغان بولدى. ھەر خىل ئىشلاردا مەندىن قۇسۇر تېپىپ ئەدىپىمنى بېرەتتى. مەن تاماقنى

قوشۇق ياكى چوكا بىلەن ئىتتىك يېسەم مېنى ئەيىبلەپ: «تاماقنى خۇددى كالا ھەلەپ يېگەندەك يەمسەن؟!» دەپ ماڭا دەشنەم بېرىپ تىللايتتى. ئالدىرىماي، ئاۋاز چىقارماي ئاستا يېسەم بۇرنىڭدىنمۇ قۇسۇر چىقىرىپ: «نېمانچە خېنىملاردەك مىسىلداپ ئولتۇرىسەن؟ تېز-تېز يەپ تۈگەتمەمسەن...» دەپ تىللايتتى. يا كۈلەلمەي، ياكى يىغلىيالماي ئازاب ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم. مېنىڭ بەكرەك قورقىدىغىنىم ئۆگەي ئانام ئادەم كۆرمەيدىغان يوتام ياكى كاسامنى چىمدىۋالاتتى. بۇنداق ئىشلارنى ھەرگىزمۇ دادامغا دېيەلمەيتتىم. دېسەم ئۆگەي ئانام خاپا بولۇپ:

— جۇۋاينىمەك، يېتىم ئوغلاق، مېنى تېخى داداڭ قەلەندەرگە چېقىشتۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ؟— دەپ ئەدىبىمنى بېرەتتى.

بەزىدە چۈشۈمدە ئانامنىڭ مېنى ئەركىلىتىپ، بېشىمنى سىلاپ پېشانەمگە سۆيۈۋاتقان ياكى بېشىمنى قۇچىقىغا قويۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان ھالەتتە كۆرسەم، ئانامنى سېغىنىپ، قەلبىم ھاياجانلىنىپ تاندا قىتۇر پېشانەمدە ئانامنىڭ سۆيگەن ئىزى قالدىمىكىن دەپ سىلاپ كېتىمەن ۋە ئىختىيارسىز كۆزۈمگە ياش ئالىمەن.

مەن يېتىملىكتە قېقىندى-سوقۇندى بولۇپ يۈرۈپ، ئۆز ئىستىقبالىمنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. شۇڭا تىرىشىپ ئوقۇدۇم. قارىغاندا مەن خېلى چوڭ بولۇپ قالغان ئوخشايمەن. خۇددى يىغلىغىنىمنى ئانام بىلىپ ياتقان يەردە تىنچ ياتالمايدىغاندەك ھېس قىلىدىغان بولدۇم. پەقەت يىغلىمايدىغان، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ جاھىللىق بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، دادامنى ۋە مۇئەللىملەرنى خۇشال قىلىدىغان بولدۇم.

# مەسەللەر

## ھەسەن تېلىۋالدى

### ئىككى بۆرە

ئىككى بۆرە دوست بولۇپ،
ئوزۇق ئىزدەپ مېڭىشتى.
نۇرغۇن جاپا-مۇشكۇلدە،
بىر ئولجىغا ئېرىشتى.

قىزغىنىشىپ ئىككىسى،
تۇردى بىر پەس قارىشىپ.
خىرقىراشتى ئولجىنى،
بىر-بىرىدىن تالىشىپ.

ئوزۇقلۇقنى تەڭ يېيىش،
نومۇس ئىشتەك تۇيۇلۇپ.
تالىشىشتىن باش-كۆزى،
كەتتى قانغا بويۇلۇپ.

ئۇلار قاتتىق ئېلىشىپ،
يوقاتقاندا ھوشىنى.
پۇرسەت تېپىپ تۈلكىۋاي،
ئېلىپ قاچتى ئولجىنى.

## ماختانچاق پاقا

ئەتىگەندىن تا كەچكىچە كوركىراپ،
قومۇشلۇقنى كىمىگەچ پاقا بېشىغا.
ئۇنىڭ شۇ سەت ئاۋازىدىن زېرىكىپ،
كەپتۇ توشقان سۆزلەشكىلى قېشىغا.

دەپتۇ: «كىمنى چاقىرىسەن يېنىڭغا،
تېنىم تاپماي بۇنچىۋالا ۋارقىراپ.
ئارامىنى قويمىدىڭغۇ كۆڭۈلنىڭ،
ئەتىگەندىن تا كەچكىچە كاركىراپ».

«كۆرمىدىڭمۇ» دەپتۇ پاقا ماختىنىپ،
«مەزمۇن قوشۇپ تۇرغىنىمنى ناخشامغا.
بۇ ماكاندا ئەڭ ئاتاقلىق چولپانمەن،
زوقلىنىدۇ بۇلبۇل ھەتتا ناخشامغا».

«باھا بەرسۇن» دەپتۇ توشقان «باشقىلار،
ياخشى ئەمەس ئۆزۈڭنى ماختىساڭ.
بىلەلەيسەن ھەر بىر ئېيتقان ناخشاڭنى،
ئۇنىڭلىغۇغا ئېلىپ ئوبدان ئاڭلىساڭ».

## تەدبىرلىك خوراز

ئاچ تۈلكە كەلدى تىمىسقىلاپ ھەريان،
ئۇچرىدى ئاڭا يوغان بىر خوراز.
ئېتىلماق بولۇپ يانىدى پەيلىدىن،
ئەمش قىلاي دېدى، ئويلىنىپ بىر ئاز.

يالغان ھەجىيىپ دېدى: خورازغا،
«ئاڭلىسام قاپسەن يولۇڭدىن ئېزىپ،
خالىساڭ ئۆيگە ئەپ كېتەي سېنى،
يۈرمە كوچىدا بىھۇدە كېزىپ».

سېزىپ تۈلكىنىڭ يامان پەيلىنى،
خوراز دەرەخقە چىقىۋالدى تېز.
دېدى «بۇرادەر كەلگەن يولۇڭغا،
نېمىشقا چوڭقۇر قالدۇرغانتىڭ ئىز.

ئىزدىگىنى پۇراپ تېخى ھازىرلا،
ئىككى ئىت ئىزدەپ كەپتىكەن سېنى.
«ئادىشىپ قالدۇق ئىزچى بارمۇدەپ»،
خېلى ئاۋارە قىلىشتى مېنى.

تۈلكە ھودۇقۇپ دېدى خورازغا:
«مەن كېتەۋالاي قالماي سەپەردىن،
ھېلىقى ئىتلار كەپقالسا يەنە،
قۇتۇلالماق تەستۇر بەلكى خەتەردىن».

(بېشى 75 - بەتتە)

ياخشى ئەسەرلەرنى ئۇچرىتىش تەس بولۇپ قالدى. ئىنسانىيەت ئالەمى مىسلىسىز دەرىجىدىكى تاۋارلىشىش تەسىرىگە ئۇچراپ، سەنئەتنىڭ ئىستىبداتى ئاجىزلىشىۋاتقان بۇ كەزلەردە كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان يېڭى كۈچلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تاسادىپىيلىق ئەمەس.

يۈرەككە قول سېلىۋاتقانلاردا كۆزىمىز چۈشىدىغىنى ساھەدىكى قومۇشلۇققا ئايلىنىپ كەتكەن ئارمانلىق تېپىنى. سوكۇتتا باستۇرۇلغان ماكان. ئەمما بۇ سوكۇتنىڭ بولۇشى بۇ ماكاندا يەنە دېيىلگەن، دېيىلىۋاتقان ۋە دېيىلمىگەن نۇرغۇن ئەپسانىنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز پەرھات ئىلياسقا ساھەدىكى قەلبىدىكى «ئۆلۈم» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئالماشقان «ھايات» سۆزىنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىشىنى تەۋسىيە قىلىپ قويۇپ، بۇ ئەپسانىنى ئۆزىمىز تاپتاپ چىققان مۇشۇ قەدىمكى ھەم قەدىناس قومۇشزار ماكاندىن ئىزدەيلى. بەلكىم شېئىر پۇراپ تۇرغان ساھەدە ئاشۇ يەردىن مۇزىكا بولۇپ لەيلەپ چىقار، بەلكىم...

# تۇتاش قەلبلەر

(ئەدەبىي ئاخبارات)

قۇربان توختى

— دادا، ۋۇخەندىن خەت كەپتىمۇ؟

— راستىنىلا قىزىمىزدىن خەت كەپتۇ، تېپىلانچىلا تېز-ھە!

— راستىنىلا سىڭلىمدىن كەپتۇ. نېمىدېگەن ياخشى، قېنى ئوقۇپ كۆرەيلىچۇ، دادا.

يەكەن ناھىيىلىك دورا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاسىم زىياۋۇدۇن ئەمدىلا تاپشۇرۇۋالغان بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭ، ئائىلە ئەزالىرى يەۋاتقان تاماقلىرىنى قويۇشۇپ، ئۇنى گۇررىدە ئورىۋېلىشتى. ئۇلار دىر دىلدەپ تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن تاقەتسىزلىك ئىچىدە كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ...

× ×

دادا، ئاپا، ئاچا-ئۇكىلار، ياخشىمۇسىلەر؟ مېنىڭ بۇ خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن بەلكىم ھەيران قالارسىلەر، چۈنكى مەن ھەپتىنىڭ ئالدىدا سىلەرگە بىر پارچە خەت سالغانىدىم.

دادا، مېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈم سىزنىڭ ئېسىڭىزدىمۇ؟ چوقۇم ئېسىڭىزدە! مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسىدە بىر ناخشىچى بولۇپ چىقىش ئارزۇيۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدىم. بىلەمسىز، مەن ھازىر شۇ ئارزۇيۇمنىڭ تۇنجى قەدىمىنى غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتتۈم. دادا، ئەگەر قىزىڭىزنىڭ بۈگۈنكى شادلىقىنى، ھايا جېنىمنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەن بولسىڭىز، شادلىق ۋە خۇشاللىقنىڭ جۇشقۇن قاينىمى ئىچىدە كۆزلىرىڭىزگە ياش ئالغان، يۈگۈرۈپ كېلىپ مەڭزىمگە تاتلىققىنە بىرنى سۆيۈپ قويغان بولاتتىڭىز. ئاپام ۋە ئاچا-سىڭىللىرىمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئۇلار ماڭا گۈلمۇ تاقاپ قويىشاتتى-تېخى! بۈگۈن مەن مۇشۇ خۇشاللىق مىنۇتلاردا ئائىلىمىزنىڭ ھەممە ئەزالىرىغا بەش قولدەك ئېنىق بولغان تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىمنى خاتىرە سۈپىتىدە يەنە بىر قېتىم قايتا يېزىپ چىقىشنى توغرا تاپتىم.

دادا، 1989 - يىلى 7 - ئايدا ئىللىق ئائىلىسىدىن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا دىيارىدىن ئايرىلىپ چىققىنىمغا 150 كۈن ئەتراپىدا بولغان، ئادەملىرى، گەپ-سۆزلىرى، بىنالىرى، ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە يوللىرى پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان يەكەن ناھىيە بازىرىدا تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرگەن، ئۇچىسىدا كىرلىشىپ كەتكەن بىر قۇرلا يىرتىق كىيىمى قالغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، تۇرقىدىن ئاچ-زارلىق ۋە روھىي ئازاب چىقىپ تۇرىدىغان، پۈتۈن بەدىنىنى سولۇق قىچىشقاق بېسىپ كەتكەن ئۆي-ماكانسىز 14 ياشلىق بىر قىز ئىدىم. كېيىن ئۆزۈممۇ

بىلمەيمەن، قانداق بولۇپ سىزگە — ھەقىقىي دادىلىق مېھرىنى يەتكۈزەلەيدىغان مېھرىبان دادىغا يولۇقتۇم. شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭمۇ ئۆيۈم، قەرەللىك يەيدىغان تامىقىم، يۇمشاق ئورۇن-كۆرپەم بولدى. تويۇنۇپ تاماق يېدىم. يۇيۇنۇپ - تاراندىم. شۇندىلا ئۆزۈمنى ھاياتلىق ئالىمىدە بىر ئادەم ئەۋلادى سۈپىتىدە كۆردۈم. كەلگۈسىگە، قىسقىسى ئۆزۈمنىڭ ھايات ئىمكانىيىتىگە ۋە ھايات تالىشىدىغانلىقىمغا ئىشەنچ باغلىدىم، قەلبىم ئىللىدى.

كىشىلەرنىڭ «باھارنىڭ جۇدۇنى، گۈلنىڭ تىكىنى بار» دېيىشكىنى شۇ بولسا كېرەك. ئەمدىلا تۇپراق ئاستىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان يۇمران بىخقا ئوخشاش كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆڭلۈمگە يەنە غەم - ئەندىشە چۈشتى. خەنزۇ تىلىدىمۇ سۆزلىشىشنى بىلىدىغان بۇ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى ئاشۇ كۈنى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىپ بىر نەرسىنى تالىشىۋاتاتتى. سىز بولسىڭىز ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتىڭىز. ئۇلارنىڭ تۈرۈلگەن قاپاقلىرىدىن، قوللىرىنى شىلتىشلىرىدىن چوقۇم مەن توغرۇلۇق پاراڭ بولۇۋاتقىنىنى بايقىدىم. سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى چۈشەنمەي تولىمۇ بىئارام بولدۇم. شۇنداقتىمۇ سىلەرنىڭ تالاش-تارتىش قىلىشىۋاتقانلىقىڭلار ئېنىق ئىدى. شۇ كېچىسى پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىدى. راستىنى ئېيتسام، ئەندىشىگە چۈشكەنىدىم. كۆڭلۈمدە «بۇلار ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارسا يەنە نەلەردە تېنەپ سەرسان بولۇپ يۈرەرمەن. كىملەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سارغىيارمەن» دېگەن خىيال كېزەتتى. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن سىزنىڭ بوش، ئەمما ئورغۇلۇق سۆزلىرىڭىز ئاڭلىنىشقا باشلىدى! مەن ئوخلىغان بولۇپ كۆزۈمنى مەھكەم يۇمغىنىمچە ھەر بىر ئېغىز سۆزگە گويا مەن ئاشۇ سۆزلەرنى چۈشىنىدىغاندەك زەڭ قويۇپ ئاڭلايتتىم، نەپەس ئېلىشىممۇ بارغانسېرى چىڭدىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. سىز ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆزلىدىڭىز. باشقىلار سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاۋاتقان بولسا كېرەك، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. شۇ يوسۇندا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى، بىر چاغدا ئىللىق بىر قول پېشانەمنى يەڭگىلگىنە سىلىدى. مەن كۆزۈمنى ئاستا ئاچتىم، سىز ماڭا تىكىلىپ تۇراتتىڭىز.

— قىزىم، — دېدىڭىز يېقىملىق ئاھاڭدا، سىزنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزىڭىز ئۆلچەملىك بولمىسىمۇ، بەك يېقىملىق ئىدى، — بەلكىم چۈشەنگەنسەن، كەچتىن بېرى سەن توغرۇلۇق تالاش - تارتىش قىلىشتۇق، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى سېنى ئۇزىتىپ قويايلى، ئائىلە يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ دېيىشتى. دېمىسىمۇ راست، ئائىلىمىزنىڭ كىرىم مەنبەسى بەك ئاز. ئالتە جان ئادەم ياشايدىغان بۇ ئائىلىدە پەقەت مەنلا ئىشلەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سېنىڭ جاراھەتلىرىڭنى داۋالىتىش ئۈچۈنمۇ... بولدىلا، ئۇنداق دەپ سېنى يولغا سېلىپ قويغىلى بولامدۇ، مەن ئۇلارغا چۈشەندۈردۈم. بۇندىن كېيىن ئۇنداق ئۆيدە بولمايدىغان بولۇشتى. سەن ئەمدى ئائىلىمىزنىڭ رەسمىي بىر ئەزاسى بولدۇڭ، — دېدىڭىز.

ئەندىشە ئىچىدە ئازابلىنىۋاتقان

كۆڭلۈم قايتىدىن باھار شادلىقىغا چۆمدى. ئاتلىق خىياللار ئىلكىدە قاچاندۇر كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

— دادا، مەن ھېچقاچان سىزدىن بۇ خىل سىرلىق تىكىلىپ قاراشنى، بۇ خىل ئۆكۈنۈش ۋە ئۇلۇق - كىچىك تىنىشلارنى كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغان، ئەمما كۆردۈم، كۆرگەندىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى قۇربان ھېيت كۈنى كەچتە كۆردۈم. ئاشۇ سىرلىق تىكىلىپ قاراشلار، ئۇ پەيلى، گېلىم غىققىدە بوغۇلۇپ قالغاندەك ھېچنەرسە يېگۈم كەلمىدى. راستىنى ئېيتقاندا مەن شۇ كۈنى، پەقەت شۇ كۈنىلا ئاجايىپ مولچىلىق داستىخاننى كۆرۈۋاتاتتىم. ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، ئۇيغۇرلارنىڭ قۇربان ھېيتى قالتىس بولىدىكەن. گۆش، سامسىلار، كەمپۈت، پېچىنە - پىرەنىكلەر، ۋاي - ۋۇي، قايسى بىرىنى دەپ بولغىلى بولسۇن؟... مېنىڭ ئاشۇ نېمەتلەردىن تازا تويۇپ، ھوزۇرلىنىپ يېگۈم كەلدى. راستىنلا شۇنداق قىلغۇم بار ئىدى. ئەپسۇس سىزنىڭ ئاشۇ قاراشلىرىڭىز...

بىراق، سىزنىڭ ئاشۇ قاراشلىرىڭىزنى بىر سىرلىق كۈلكە يوققا چىقاردى. ئەمدى مەڭزىڭىزدە ئانچە قىزغىن بولمىغان بىر كۈلكە جىلۋىلىنەتتى، تۇرۇپ ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلاتتىڭىز. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدە «ھە، دادام ئەسلى ماڭا ھېيتلىق قىلىپ بەرگەن كىيىمگە ئىچ ئاغرىتىۋاتماپتىكەن، داستىخاندىكى نېمەتلەرنى مەندىن قىزغىنىۋاتماپتىكەن - دە!» دېگەن خىياللار كەچتى. ئىشتىھايىم ئېچىلدى. نېمىنى دېسەم شۇنى ئېلىپ بەردىڭىز. شۇ كۈنى ئاچا سىڭىللىرىم «تازا ئاچ كۆز نەرسىكەن» دەپ قالدىمىكىن، بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ نېمىنى خالىسام شۇنى، بولۇپمۇ گۆشنى تويۇپ يېدىم. سىزمۇ دېگىنىمچە ئېلىپ بەردىڭىز. ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر چېھرىڭىزدە تەشۋىشلەنگەندەك قارايتتىڭىز. كېيىن يېگەنلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى يانىدى. بۇنى مەن غىزانى كۆپ يەپ قويغانلىقىمنىڭ تەسىرى دەپلا چۈشەنگەنىدىم.

— دۇگدۇك!

بۇ سىزنىڭ ئاۋازىڭىز ئىدى. مەن ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ ئالدىڭىزدا توختىدىم.

— ماۋۇنىڭغا قارا، — سىز شۇنداق دېدىڭىز - دە، قولۇمغا بىر ئەينەكنى تۇتقازدىڭىز. مەن ھەيرانلىق ئىچىدە ئاۋۋال سىزگە، ئاندىن ئەينەككە قارىدىم. ئەينەككە قاراش بىلەن تەڭ چۆچۈپ كەتتىم. ھەيرانلىقىم تېخىمۇ ئاشتى، كۆزۈمنىڭ ئېقى تامامەن سارغىيىپ كەتكەنىدى.

— قانداق تۇيىسەن قىزىم، نېمىنى ھېس قىلدىڭ؟

— سىزنىڭ سۆزىڭىز نېمىشقىدۇر قايغۇ ئارىلاش ئىدى. مەن ھېس قىلغانلىرىمنى دېدىم. سىز مېنىڭ ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇردىڭىز:

— قىزىم، بەلكىم داستىخاندىكى كەيپىياتىمغا قاراپ مەندىن رەنجىپ قالغانسەن، راستىنلا ئۆزۈممۇ كۆپ ئازابلاندىم، نېمىشقا ئازابلاندىم؟ ساڭا بۇرۇنراق قارىمىغىنىم، دىققەت قىلمىغىنىم ئۈچۈن ئازابلاندىم. داستىخاندا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كۆزۈڭگە

كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، قارىسام جىگەر كېسەللى بولۇپ قالغانىدەك قىلىسەن، ئىچىم سىيرىلدى. داستىخاندىكى گۆش ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ساڭا زىيان قىلىدىغىنى ئۈچۈن تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم، بەرمەي دېسەم يېگۈڭ بار. ئامالسىزلىقتىن بۈگۈن بىر كۈن سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە يېمەكلىك بېرىشنى توغرا تاپتىم. لېكىن ھەممىسىنى يانىدۇرۇۋەتتىڭ. شۇنداقتىمۇ قورقۇپ كەتمە قىزىم، كېسەللىك ئانچە ئېغىر ئەمەس...

شۇ چاغدا مەن بىلىپ تۇردۇم دادا، كېسىلىم ئېغىر ئىدى، پەقەت سىز ماڭا تەسەللى بېرىش ئۈچۈنلا شۇنداق دەۋاتاتتىڭىز. «ئەمما داۋالاش ئۇسۇلىغا كۆنمىسەڭ بولمايدۇ. بالا دېگەن دادىسىنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولىدۇ. شۇنداقمۇ؟ بۈگۈندىن باشلاپ ساقىيىپ بولغۇچە گۆش ۋە باشقا قورۇمىلارنى يېمىگىن. پەرھىزلىك تاماق قىلىپ بەرگەندىن باشقا تاۋۇز بىلەن پەمىدۇر يەيسەن، قالغىنىغا دورا بېرىمەن، تاماق ۋە ياتقىنىڭ ئايرىم بولىدۇ... شۇنداقمۇ قىزىم» دەپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلدىڭىز. بىر جۈپ كۆزىڭىزدىن ھەقىقىي ئاتىلىقنىڭ مېھرىنى كۆردۈم. گېلىمنى يىغا قاپلاپ «ماقۇل» دېگەن سۆزنى چىقىرىشقا ئامال بولمىغىنى ئۈچۈن سىردىقلىق قاپلاپ كەتكەن كۆزۈمنى سىزگە تىكىپ تۇرۇپ، باش لىڭشىتىپ ماقۇل بولدۇم، شۇندىلا ھېلىقى قاراشلىرىڭىزنىڭ، سىرلىق كۈلكىڭىزنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەندىم.

شۇندىن كېيىنكى ئىشلار سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىز بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئوتتۇرانچى ھەدەم مەخسۇس مېنى كۈتۈشكە مەسئۇل بولدى. بۇ ئائىلىدە ھېچكىممۇ مەندىن يىرگەنمىدى، مەندىن قاچمىدى. باشقىلارنىڭ سىزگە «بۇ قىزنى ئۆيدىن دەرھال يوقىتىڭ، بولمىسا ئائىلىڭىزنى جىگەر كېسەللى بېسىپ كېتىپ تۈگىمەس ئاۋارىگەرچىلىككە قالىسىز، ئۇنى ئاز دېگەندەك بۇ كېسەل ئىدارە ئىچىگە تاراپ كەتسە بۇ ئاقىۋەتكە نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىز؟ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان بۇ ئىشنى قىلىمەن دەپ باش-ئاخىرى يوق خاپىلىققا قالماڭ يەنە» دېگەن تەنبىھلىرىنى ۋە «بۇ قىزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى كىم بىلىدۇ، كېسەلدىن ساقىيىپلا ئۆيدىن بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ قاچامدۇ-تېخى! ئۇ چاغدا نەلەردىن ئوغرى ئىزدەپ يۈرىسىز؟» دېگەندەك ۋەسۋەسىلىك سۆزلەرنى ئەمدىلا ئۆگىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلى چۈشەنچەمگە تايىنىپ بىلدىم. لېكىن سىز ئۇلارغا پىسەنت قىلمىدىڭىز، ئۆز قىزىڭىزدەك كۆرۈپ داۋالاپ ساقايتتىڭىز، ئاشۇ نىجىس كېسەل ماڭا چاپلاشقان مەزگىلدە ئىللىق چىراينى مەن پەقەت ئائىلە ئىچىدىلا كۆرەلىدىم. سىرتقا ھاجەتكە چىققان چاغلىرىمدا ھەممە ماڭا يىرگىنىش بىلەن تىكىلەتتى، مەندىن قاچاتتى. كىيىمىمنىڭ كىيىمىگە تېگىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتى. باشقىلار مېنىڭ كېسىلىمنىڭ ئۆزلىرىگە يۇقۇپ قېلىشىدىن شۇنچە قورقاتتى. ھەتتا ئۆز مىللىتىم بولغان خەنزۇلارمۇ شۇنداق قورقاتتى.

شۇ كۈنلەردە ئاچىلىرىم بىلەن قىلىشقان شوخلۇقلىرىمىزنى، ناخشا توۋلاپ، ئۇسسۇل ئوينىغانلىرىمىزنى ئەس-

لىسەم ئۆزۈمنى قويغىلى جاي تاپالماي قالىمەن دادا، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەنزۇ تىلىنى ياخشى بىلگەچكە تىل جەھەتتىن پەقەتلا قىيىنچىلىق بولمايتتى.

دادا، ئاشۇ قېتىم يەڭگە ئاچام بىلەن كىچىككىنە بىر ئىش تۈپەيلى چېقىشىپ قالغاندا سىزدىن قاتتىق قورققانىدىم. ئەمدى مېنى بۇ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدىغان بولدى دەپ ئەندىشە قىلغانىدىم. ئۇ قېتىم يەڭگە ئاچام سەل يەڭگىللىك قىلدى. ئۇ مېنى: «ئۆيدىن چىق، كۆزۈمدىن يوقال!» دېدى. قانداقسىگە ئاغزىمغا كېلىپ قالدىكىن بىلمەيمەن. مەنمۇ: «ئۆيدىن سەن چىق، بۇ دېگەن مېنىڭ ئۆيۈم، بىلەمسەن، بۇ ئۆيگە مەن قىز، سەن كېلىن» دەپ ساپتىمەن. يەڭگە ئاچام ئاچچىقىغا پايلىماي پاكىندە يىغلاپ تاشلىدى. مەن قورقۇشىراپ تۇرغان شۇ مىنۇتلاردا ماڭا تونۇش خۇش كۈلكىڭىز بارلىق ئەندىشىلىرىمنى يوققا چىقاردى. سىز كۈلدىڭىز. راستتىن خۇشاللىق كەيپىياتىڭىز بىلەن قاقاقلاپ كۈلدىڭىز. يەڭگە ئاچام ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. باشقىلارمۇ كۈلدى. كېيىن مەنمۇ كۈلدۈم. سىز يېنىمغا كېلىپ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— رەھمەت قىزىم، بۇ ئۆينى چىن يۈرىكىڭدىن ئۆز ئۆيۈم دەپ تونۇغىنىڭغا رەھمەت، — دېدىڭىز. مەن شۇ چاغلاردا دادىلىق مېھرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر بولىدىغانلىقىنى، دادىنىڭ بالا ئۈچۈن قانچىلىك ئاۋارە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. پەقەت شۇ چاغدىلا سىز قايتا - قايتا سورىغان ئائىلەمنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ۋە ھەقىقىي ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردىم.

سىز ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقى ئارقىلىق مەن رەنجىگەن ئائىلەمنى، دادىلىق مېھرىڭىز ئارقىلىق دادام شۆي جەنخۇانى سېغىندۇرۇۋاتاتتىڭىز.

دادا، مەن سىزنىڭ شۇ يىلى 1 - ئاۋغۇستتا مەخسۇس داستىخان تەييارلاپ تۇغۇلغان كۈنۈمنى خاتىرىلەپ بەرگەنلىكىڭىزنى، ئانام ۋە ئاچىلىرىمنىڭ سوۋغا تەقدىم قىلغانلىقىنى، 1990 - يىلى 1 - ئاۋغۇستقا ئاتاپ يەنە سوۋغا ئەۋەتكىنىڭلار ۋە باشقىلارنى دوستلىرىمغا، مۇئەللىمگە، تاغ - دالىلارغا، دەرەخلەرگە، قۇشلارغا قالدۇرماي سۆزلەپ بەردىم. ئۇلارغا سىزنى، مېنىڭ ئاشۇ ئائىلەمنى، ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر مىللىتىنى چۈشەندۈردۈم، چۈشەندۈرۈۋاتىمەن.

شۇ يىلى 20 - ئاۋغۇستتا سىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز بويىچە يازغان خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالغان دادام شۆي جەنخۇا، قەدىمكى دىيار يەكەنگە يېتىپ باردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە مېنى ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغىنىنىڭ تامامەن ئەكسىچە كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. دادام مېنى كۆرۈپ شادلاندى، خۇشال بولدى. مېنى باغرىغا بېسىپ ئۈنسىز ياش تۆكتى. يۈزۈمنى، بەدەنلىرىمنى يەڭگىل سىلىدى. كۆزلىرىمگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تىكىلىپ قارىدى. ئۇ مېنىڭ نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ دىيارغا كېلىپ تېلىشىمنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىكەن. ئۇ كۈلەتتى، لېكىن شادلىقىنىڭ ئارقىسىدا بىر غەمنىڭ گۇڭگا كۆلەڭگۈسى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ سىرنى ئاخىر ئېيتتى. ئۇ ماڭا:

— قىزىم، داداڭغا ئېيتقىن، مەن پەقەت ئىككى خىش قارا چايدىن باشقا ھېچقانداق سوۋغا ئېلىپ كەلمىدىم. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ نېمىنى ياخشى

كۆرىدىغانلىقىنى بىلمىدىم. جىق ئەمەس ئىككى مىڭ يۈەنلا پۇلۇم بار، ئاشۇنى بەرسەم سېنى قايتۇرۇپ بېرەرمىكىن، — دېدى.

سىز مېنىڭ تولىمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە دېگەنلىرىمنى ئاڭلاپ:

— قىزىم، دادىڭىزغا ئېيتىپ قويۇڭ، بىز ئۇيغۇرلاردا قىلغان ياخشىلىقنى پۇلغا ساتىدىغان ئادەت يوق! — دېدىڭىز.

دادام بۇ سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ ۋە ماڭا قىلىپ بەرگەن سەككىز قۇر كىيىمنى كۆرۈپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى، ھەتتا سىزگە باش ئۇرماقچىمۇ بولدى.

دادا، ھازىرمۇ دائىم دېگۈدەك ئاچىلىرىم بىلەن ناخشا ئېيتقۇم، ئۇسسۇل ئوينىغۇم ۋە ئانام بىلەن رېشىلىيە ئىشلىگۈم كېلىدۇ. سىلەردىن ئايرىلغان كۈنى، يەنى 1989 - يىل 25 - ئاۋغۇستنى ئەسلىسەم ئۆزۈمنى تۇختىتالماي يىغلاپ كېتىمەن. مۇشۇنداق چاغلاردا سىلەر قۇربان ھېيتلىق ئېلىپ بەرگەن گۈللۈك قىزىل كۆڭلەكنى ئېلىپ باغرىمغا باسىمەن، سۆيىمەن. دائىم ئۇنى كىيىپ يۈرگۈم كېلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ كونىراپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ يەنە چىرايلىق تاتلاپ چامادىنىمغا سېلىپ قويىمەن.

دادا، بۈگۈن سىزگە ئېيتقان ئارزۇيۇمنىڭ ئۇنجى قەدىمىنى بېسىپ خۇبېي ئۆلكىسى ئويۇشتۇرغان ئىشتىن سىرتقى سەنئەتكارلارنىڭ ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇپ، مۇسابىقىدە نەتىجىگە ئېرىشىپ چەكسىز شادلاندىم، ئەمما بىر نەرسە ماڭا كەمدەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ. كۆزلىرىم نەچچە مىڭ تاماشىبىن ئىچىدىن سىزنى ئىزدەيدۇ. سىز ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ ياخشى دادام، ياخشى ئۇيغۇر ئوغلانى ئىدىڭىز.

دادا، سەھنىدىن چۈشۈۋېتىپ ئۆزۈلمەي ئۇرۇلۇۋاتقان چاۋاكلار ئارىسىدىن تونۇش بىر ئاۋازنى — مېنى ئىللىق چىراي ئېچىپ كۈتۈۋالغان تارىم دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىدىن كەلگەن شاۋقۇن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلدىم. سىلەرگە بولغان سېغىنچىم ھەسسىلەپ ئېشىشقا باشلىدى. سەھنىدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ كۆزۈم يەنىلا تاماشىبىنلار ئارىسىدا تاشلىنىپ سىلەرنى ئىزدەمەكتە ئىدى... مەن شۇندىلا شىنجاڭغا قايتىشىم، ئۇ يەردە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن چوقۇم قېشىڭلارغا پات ئارىدا يېتىپ بارىمەن، مېنى كۈتۈڭلار! خەير، سىلەرگە سالامەتلىك تىلەپ، سىلەرنىڭ خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇخەن شەھىرى چىڭشەن رايونى رىنجا يولى 47 - كوچا 10 - قورۇ 13 - نومۇرلۇق ئۆيدىكى قىزىڭلار دۇگدۇك.

× ×

قاسىم زىياۋۇدۇن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ بالىلىرىغا تەكشى قاراپ چىقتى. ئاچايىپ بىر ھال: ھەممە چىرايدا كۈلكە، ھەممە كۆزدە ياش.

— ئاچامنىڭ نەتىجىسىنى تەبرىكلەپ ۋە قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئالىدىغىنىمىزنى ئىزھارلاپ دەرھال خەت يېزىۋېتەيلى!

— دادا، شۇنداق قىلايلى، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مېھمان دوستلۇقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ قالسۇن، ھازىرلا يېزىۋېتەيلى.

قاسىم ئاكا خەت يېزىش ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئالدى. ئائىلىسىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلار سوۋۇپ قېتىپ قېلىۋاتقان تامىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقاندەك قىلاتتى.

# دۇنيا شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەر

## شېئىرلار

باتۇر روزى تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** چەت ئەل زامانىۋى (ئاۋانگارت) ئەدەبىياتى تىلغا ئېلىنسا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئەڭ ئاۋۋال سىمۋولىزم شېئىرىيىتى نامايان بولىدۇ. سىمۋولىزم شېئىرىيىتى غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى ھۇلى، ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى ھەر قانداق بىر ئەدەبىي ئېقىملارغا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان. دېمەك، ئۇ پۈتكۈل زامانىۋى ئەدەبىياتنى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر ئاچقۇچى.

شۇڭا تۆۋەندە بىز ھەرقايسى قاتلام ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەنە شۇ سىمۋولىزم ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق پېشىۋالارنىڭ بەزى ۋەكىللىك ھەم چۈشىنىشلىك، ئاممىباب شېئىرلىرىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز.

### كۈگۈم گارمونىيىسى

بودلېر [فرانسىيە]

كۈگۈم كەلدى، تىترەپ كەتتى شاختا چېچەكلەر،
ئۇلار تامام ئىسلاشقاندۇر، ئىسرىقدان ئوخشاش؛
رەڭ، ئاۋازلار قوچۇلماقتا كەچكى شامالدا،
مىسكىن ۋالىس ئويناماقتا قايدۇرغانچە باش.
گۇللەر تامام ئىسلاشقاندۇر ئىسرىقدان ئوخشاش،
ئىسكىرىپكا يارىلانغان يۈرەكتەك تىترەر؛
مىسكىن ۋالىس ئويناماقتا قايدۇرغانچە باش،
گۈزەل ئاسمان پاچىئەلىك مېھراپتىن بەتتەر.
ئىسكىرىپكا يارىلانغان يۈرەكتەك تىترەر،
يۇمشاق كۆڭۈل ئۆچ بوشلۇققا — زۇلمەتكە چەكسىز!
گۈزەل ئاسمان پاجىئەلىك مېھراپتىن بەتتەر،
چۆكۈپ ئۆلدى قۇياش قاتقان قېنىمغا تەگسىز.
يۇمشاق كۆڭۈل ئۆچ بوشلۇققا — زۇلمەتكە چەكسىز،
يورۇق ئۆتمۈش يىغىۋالغان ئىزلارنى تامام!
چۆكۈپ ئۆلدى قۇياش قاتقان قېنىمغا تەگسىز...
ئاھ سېغىنچىم دىلى بۇيۇك زات نۇر سەپكەنسىمان،

## تۇيغۇ

رەمبو [فرانسىيە]

يېشىل ياز ئاخشىمى ئايلاندىم دالا،
ئېگىزلار سانجىلدى، دەسسەلدى ئوتلار.
شامالغا پۈركەلدى بېشىم چۈشۈمدەك،
تاپىنىم ساپ - سالقىن هاۋانى تۇيار.
هېچنېمە دېمىدىم ئويۇمۇ قۇرۇق،
بىر چەكسىز مۇھەببەت قەلبىمنى سۆرەر.
كەتتىمەن يىراقلاپ سەيياھ سىڭگاندەك
قىلدىم تەبىئەتنى ساياھەت خۇشال،
ھەمسەپەر بولغاندەك گويا كى دىلبەر.

## كونا كېيىم يىغقۇچى ئايال

مالارمې [فرانسىيە]

بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆز نۇرۇڭ بىلەن،
ئىچ - تېشىمنى كۆردۈڭسەن شۇ تاپ،
كېيىمىمنى سالدۇردۇڭ تامام،
مەن يالىڭاچ، بىر ئىلاھسىمان.

## سەھەر

ئۇنگارتتى [ئىتالىيە]

چەكسىزلىكتە يورۇتىمەن ئۆزۈمنى.

## تەڭرى روھى

گېپئوس [روسىيە]

سەن ياسىغان شەيتاننى تەڭرىم،
شەيتاننى دەپ تونۇيدىم ساڭا.
دەردلىرىمنى كۆردۈم شەيتاندىن،
سۆيگۈم تالاق شەيتانغا شۇڭا.
دەم ئېلىشىپ، دەم چەككەنچە دەرد،
ئۇ ئۆزىگە توقۇماقتا تور.
ھېسداش بولماي قانداقمۇ ئاڭا،
دەردمەنلىكى ماڭا ئوخشاشتۇر.
تەنلىرىمىز يېتەر ئەرشكە،
سۇتلا ئۇنى، تۆلە تىكىن بەدەل:
بەرگەن چاغدا شەيتانغا جازا
تەلۋىلىكنى كەچۈرگىن تۈگەل.

## دەرۋازامغا بېغىشلىما

نەتزى [گېرمانىيە]

ئۆز ئۆيۈمدە تۇردۇمەن ھەر ۋاق،
ھېچكىمنىمۇ باقمىدىم دوراپ.
ئۆزلىرىنى مازاقلىمىغان،
ئۇستىلارنى قىلىمەن مازاق.

## «ئايلانما ياغاچ ئات» كۆۋرۈكى

رىلكى [ئاۋستىرىيە]

كۆۋرۈكتە تۇرغىنى بىر ئەما كۆلرەڭ،
نامسىز دۇنيادىكى پاسىل تاشسىمان.
ئېھتىمال تۇرار ئۇ بىر خىللا ئەبەد
ئايلىنار يۇلتۇزلار ئۇنى ھەر زامان.
ئۇ پۈتۈن ئاسمانغا تەۋرەنمەس مەركەز.
ئاقىدۇ بار رەڭلەر ئەگىپ شۇ تامان.
ئۇ ئادىل، يۆتكەلمەس ئورنىدىن پەقەت،
چايلاشقان گادىرماش ئاچا يول ئارا:
لەيلىگەن مىللەتنىڭ ئارىسىدا دەل
دوزاخنىڭ ئېشىكى كۆرۈنەر غۇۋا.
ئەي تەڭرى، قانداقمۇ ياشارسەن ئۆلسەم؟
ئەي تەڭرى، قانداقمۇ ياشارسەن ئۆلسەم؟
چېقىلسام نە ئامال (چەينىكىڭ تۇرسام)؟
بۇزۇلسام نە ئامال (شارابىڭ تۇرسام)؟
مەن سېنىڭ كىيىمىڭ، ھۈنىرىڭدۇرمەن.
مەن ئۆلسەم قالارسەن ئۆيسىز، ماكانسىز،
ئۇنى كۆتەر، ئىدى سېنى خۇش كالام،
گەر مېنى يوقاتساڭ، بەرقۇت كالاچمۇ
پۇتۇڭدىن ئايرىلار، تامام ۋەسسالام!

تاشلايدۇ سېنى ھەم ئۈستۈڭدىكى تون،
كۆزۈڭگە يۈزۈڭنى قىلىپ سەن ياستۇق—
ئىللىپ ئالالايسەن ھازىرمۇ بىر ئاز،
ئىزلەيسەن ئاقىۋەت سەن مېنى ئۇزاق،
تاكى كۈن پاتقۇچە يوچۇن خادا تاش—
باغرىنى قىلغۇچە ساڭا پايانداز.
مەن ئۆلسەم قانداقمۇ قىلارسەن تەڭرى؟
تەشۋىشلەر ئىلكىدە قالىسەن شۇ ئان.

## ئىككى شېئىر

ئېزرا پوئند [ئامېرىكا]

دەرەخ ئۆسەر ئالقانلىرىمدىن،
بىلىكىمدىن چىقار يوپۇرماق.
دەرەخ كۆكسۈمدە پەس تامان ئۆسەر،
شاخلار تېنىمدە بىلىكىم كەبى.

سەن دەرەخ،
سەن مۇخ،
مەيىن شامال پۈلىگەن گۈل سەن،
ئەخمەق قىلىق دەر بۇ ھەممىنى ئىنسان.

## يەر ئاستى ۋوگزالدا

ئاۋام ئارا ئاشۇ يۈزلەر ئەرۋاھتەك ئايان،
ھۆل ۋە قارا شاخلار ئۈزرە گۈلبەرگى چەندان.

## ئەلۋىدا «V»

ماددېئاس ھېرمان [گېرمانىيە]

شەيتان بىلەن ئوينىشقان مىسال
چۆكمەكتىسەن
زۇلمەت تېگىدىكى ئېقىنلىرىغا،
سەن ھاجەتمەن ئەڭ يالتىراق مارجانغا
مۇھتاج ئەمەسسەن
زۇلمەت تېگىدىكى ئېزىتقۇلارغا.

يەلكەنگە باغلانغان ئەۋرەنمەس يىپلار،
سەن ئۈچۈن پەقەت
يوللىرىڭنى تۇرماقتا بىزەپ،
چۆكمەكتىسەن غەرەزسىز
قەلبىمگە
قەبرىلەرگە چۆككەندەك گويا.

مەن بۇندا ۋەزنىڭنى ئۆلچەمەكتىمەن،
ئۇزاتماقتىمەن ئۆيۈڭگە سېنى
ھاياتىڭنىڭ قىرغىقىغىچە تا.
ئېلىپ خۇشبۇي ئابىدىدەك سۆڭەكلىرىڭنى
ئېقىپ كەتتىم يىراقتا قاراپ.

## ئاتەش روھى

ۋىلىيامس [ئامېرىكا]

ياشىنىپ قالدىم.
ئوت يېنىدا ئىللىيالامسىلەر؟
ئولتۇرسامۇ مەركىزىدە يالقۇنىنىڭ
كاسىلدايدۇ چىشلىرىم!
قايدىن تاپاي راھەتنى ئىزلەپ؟

## ئۇ ئەمەس سومرۇغۇم ياسىغان ئۇۋا

ھوپكىنس [ئەنگلىيە]

مۇبادا بولسام سەن قالغان پالما،
تىرىلىپ شېخىمدا بەرسۇن سۆيگۈك جان.
مەن سېنى قۇچاقلاي، شاخلىرىم كۆيسۇن
سومرۇغلار تىرىلىپ ئەيلىسۇن جەۋلان،
پالمىلار ئۆسسۇن مەيلى كۆل ئارا
زېمىن بولسۇن ھەتتا قاقاس يەرسىمان.

بولسام ئەگەر سەن تاللىغان پالما،
ئوتتۇن قىلىپ قالسۇن دېھقانلار شۇئان،
مەيلى مەن كېسىلەي، بولسۇن چوقۇم—
تەشنالىق، تىرىلىش سەۋداسى ئايان:
كۆرەر ئۇ مەن يانغان يالقۇنلار ئارا
كۆيگۈچى قۇش ۋە شۇ دەرەخنى ھامان.

# شائىر بولۇپ قالغان ئوخشايمەن

(تەسىرات)

مۇھەممەتجان راشىدىن

«مەن ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ كىتابخانلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچىلارنى باھالاپ چىقىش پائالىيىتىنىڭ خۇلاسە تىزىملىكىدە ئۆز ئىسمىمنىڭ چىقىپ قالغىنىغا ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. يوشۇرمايمەن. خۇشال بولغانلىقىمۇ خۇددى «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەندەك خۇش بولۇپ كەتتىم. چۈنكى، ئۇ ھەقىقىي شان-شەرەپ خۇشاللىقى ئىدى. ئۇنى پۈتۈن ھايات تارىخىمدا ئېرىشكەن مۇكاپات، ئالغان ئۇنۋان، قازانغان شان-شەرەپلىرىمدىن ئېشىپ كەتتى ۋە پۈتۈن ئۆمرۈمدە يولۇققان بەختسىزلىك، چەككەن جاپا-مۇشەققەتلىرىمنى ئۇنتۇلدۇردى، دېسەممۇ لاپ ئۇرغان بولمايمەن. بىر ئويلىسام 38 يىللىق ئىجادىيىتىمنى ھاردۇقۇم چىقىدىغاندەكمۇ قىلىدۇ. شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بۇ باھالاش خۇلاسىسىنىڭ ماڭا بەخش ئەتكىنى ھەرگىز شۆھرەت تۇيغۇسى ئەمەس، شەرەپ تۇيغۇسى! ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى، باھالاشقا كەڭ كىتابخانلار رايىنىڭ ئىشتىراك قىلغانلىقىدا، بۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى زور ھەققانىيلىق ئېلىپ كەلگەن ئاساسىي ئامىل. ھەرقانداق ئادىل خۇلاسە ۋە ھەقىقىي نەتىجە تىلەكنى تارىخنىڭ ھۆكۈمىدىنلا كۈتۈشكە، خەلقنىڭ باھاسىدىنلا ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز ئەدەبىي ئىجادىيەتتە باشقا ئەگرى-توقاي يوللاردىن ئېرىشكەن نەتىجىلىق بىلەن ھەر بىر كىشى ئۈستىدىكى ئاقلانغان باھامۇ ئەنە شۇنىڭ دەلىلى، مەن بۇ يەردە ئازغىنە ئەسلىمىگە قايرىلىدىغاندەكمۇ قىلىمەن:

مەن شېئىرىيەتكە 1955-يىلى كىرىشكەنىدىم. بىز ئۈچۈن ئۇ چاغلاردا تېيىپجان ئېلىيوپ، نىمشېھىت، ئابدۇلئەھەي روزى، تۇردى سامساق، باتۇر راشىدىن، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق داڭلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى غايىبانە ئۇستازلىق قىلاتتى؛ رەخىم قاسىم، قەمەر قۇربان، مۇھەممەتجان سادىق، مىركامىل ياقۇبى، مىرزايىت كېرىمى، ھەجەر قادىر قاتارلىق ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان شائىر، شائىرەلەرمۇ ئۈلگە ئىدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قولىمىزغا قەلەم ئېلىپ، بىزمۇ سەپكە قېتىلدۇق. بىزدە خۇددى ئىلىمنىڭ بەشىنچى ئاي بۇلبۇللىرىدەك بەس-بەستە سايرايدىغان شىجائەت بار ئىدى، لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئەدەبىيات-سەنئەت تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ تېپا

دائىرىسى تارىيىپ كەتتى، بىز بىرلا خىل سايراشقا مەجبۇر قىلىندۇق. ئەدەبىيات - سەنئەت خەلقتىن تامامەن دېگۈدەك ئايرىلىپ، شېئىرىيەت سىيا-سەتنىڭ قاپىيىلەشتۈرۈلگەن تەشۋىقاتى بولۇپ قالدى. گويا بۇ زېمىندا ئەدەب بولۇشنىڭ پۈتۈنلەي ئىمكانىيەت ۋە زۆرۈرىيىتى تۈگىگەندى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن قەلەمنى تاشلىۋېتىش بىز ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ يوقىتىش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇددى چىپچىلغان ھەرقانداق سۇغا پەسەنت قىلمايدىغان يانتىمدەك لاۋۇلداپ تۇرغان ئىجادىيەت ئىشقى بىزنى تىنىچ قويمايتتى. نەتىجىدە بىز ئۈچۈن سۈكۈت ۋە چىدامغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كەلدى. چۈنكى بىز ھەر قانچە ياش بولساقمۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت دېگەننىڭ مەڭگۈ ئۇنداق تار، كىچىك، تېيىلغاق يول ھالىتىدە كېتىۋەرمەيدىن-غانلىقىنى بىلەتتۇق. شۇڭا ھەممە ئىش ۋاقىتنىڭ ئېقىشىغا تاشلاندى. ئامې-رىكا يازغۇچىسى جېك لوندۇننىڭ: «قەيسەرلىك - يازغۇچىنىڭ يازغۇچى بولۇشىدىكى سىر» دەپ ئېيتقىنىدەك، بۇنىڭغىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك چىدام كېرەك ئىدى. گەرچە، كۆپچىلىك قەلەمكەشلەر بۇ مۇشكۈل مۇساپىنى ئاڭلىق (ئەمما چارىسىز) قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ئۇ يىللاردا ئۇرۇلماي - سوقۇلماي ئۆتۈپ كەتكەنلىرى ناھايىتى ئاز چىقتى، باشقىلارغا ئوخشاش مەنمۇ كۈتمە-گەن ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇقتۇم. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا مەن ئېھتىياتچان بولۇش-نىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلگىنىم بىلەن ئويلىرىم تېخى ساددا ئىدى، ئۆز - ئۆزۈمگە ساق بولسىلا كىم مېنىڭدىن قۇسۇر چىقىرالايدۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ، قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىدىغان زىيانكەشلەر ئۇخلىسام مېنىڭ چۈشۈمگىمۇ كىرمەيتتى. مېنىڭ شېئىر يازغىنىمغا مومام (ئانامنىڭ ئانىسى) نىڭ تولىمۇ مەستلىكى كېلەتتى. بوۋامدىن ياش قېلىپ، تۆت بالىنى قاتارغا قاتقۇچە جىق جاپا تارتىپ كەتكەچكىمىكىن، مۇڭلۇق تېمىلاردا يازغان شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ بەرسەم يىغلاپ كېتەتتى، بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ ئارىسىدا، خۇددى كۆڭلىنى مەنلا چۈشىنىپ، دەردىگە مەنلا يېتىپ يۈرگەندەك، مېنى باشقىلارچە ياخشى كۆرەتتى. موماملار ئابرال تېخى ئاغرىدىكى توقاي دەپ ئاتىلىدىغان بۈك - باراقسانلىق مەھەللىدە بولۇپ، بۇ ئانامنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ئىدى، بۇ يەرنىڭ ئۆرۈك، ئالمىسىغا ئۈششۈك تەگمەيتتى، بېغى يوق ئائىلىلەر ئىنتايىن كەم ئىدى، مەھەللىنىڭ ئوتتۇرى-سىدىن توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان ساي سۈيى بىلەن مەھەللىنىڭ جەنۇبى تەرىپىنى ياقىلاپ ئۆتىدىغان قاش دەرياسى سۈيىنىڭ شارقىرىشى كەچ كىر-گەندە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاتتى، مېنىڭ سەھرىي كۈچ ۋە گۈزەللىككە تولغان بۇ مەھەللە ھەققىدە يازغان شېئىرلىرىمنى مومام تېخىمۇ سۆيۈنۈپ ئاڭلايتتى. «تۇغۇلغان يەرنىڭ تېشى گۆھەر» دېگەننى مومامدەك چۈشەنگەنلەر كۆپ بولمىسا كېرەك. مومام مۇنداق شېئىرلاردىكى تەسىرلەرنى ئاڭلىغاندا «راست دېسە راست دەپ، تەستىقلىغاننىڭ ئۈستىگە، مېنى ئالاھىدە ماختاپ

كېتەتتى. دەسلەپتە، ھەر قېتىم بارسام ماڭا شېئىر ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ يۈردى، كېيىن بولسا، شېئىرلارنى سارايى ئۆينىڭ ئەللىك ـ ئاتمىش يىلدىن بېرى چىۋىنىنىڭ قانىتىچىلىك كىر يۇقتۇرماي، ناۋاتتەك پاكىز تۇتۇپ كەلگەن ئىشىكىگە يازدۇرۇۋالىدىغان بولدى. ئاڭلىسام، مومام مەن بىلەن پەخىرلەنگەچكە، ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارغا شېئىرلارنى كۆرسىتىپ مېنى بىر ھازارغىچە ماختاپ بېرىدىكەن.

مومام مېنىڭ ئىشىكنى شېئىر بىلەن تولدۇرۇۋېتىشىمگىمۇ رازى ئىدى، ئەمما ھاياتتا ئويلىغاننىڭ ھەممىسى ۋۇجۇتقا چىقىۋېرىدۇ دەمسىز؟! كۆپ ئۆتمەي پاراكەندىچىلىك كۈنلەر باشلىنىپ كېتىپ، مەن ئۇلارغا ئۈلگۈرمىدىم. كىشىلەرگە تۇرمۇشتىن كېلىدىغان خاتىرجەمسىزلىكلەر كۆپەيدى، ۋەھىمە، ئەندىشە، تەشۋىش دەيدىغانلار ھەممىلا ئادەمنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا بۇرۇن يازغان شېئىرىم تۈپەيلى تۈرمىگە كىردىم. لېكىن، شېئىر دېيەت بىلەن شۇغۇللانغىنىمغا يەنىلا پۇشايمان قىلمىدىم. بۇنىڭ بىر تەرىپى مەندە ئىجادىيەت ئىشقىنىڭ «چىققىماس كېسەل»دەك چوڭقۇر يىلتىزلىق ئىكەنلىكىدە ئىدى. كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ ئانامدىن ئاڭلىسام، مومام رەھمەتلىك «ئىست شائىر بالام!» دەپ مەن ئۈچۈن يىغلاپ يۈرۈپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، شۇلارنى ئويلىسام، ھازىرمۇ ئىككى كۆزۈمگە لىققىدە ياش كېلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ مومام مېنىڭ ئالدىمدا تېخىمۇ ئۇلۇغ ئىنسان سۈپىتىدە نامايان بولىدىغان بولدى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى كىشى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئاجايىپ مۇڭلۇق شېئىر ئىدى. رەھمەتلىك مېنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرىمنى ئاڭلاشقا ئۈلگۈرەلمىدى. بۇ مېنى بىر ئۆمۈر داغدا قويدى. شۇڭا، توقسانىدا ۋاپات بولغان مومايم ماڭا گويا توقسان يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەندەك، مەن دۇنيادا شېئىرنى خۇددى مومام ئۈچۈنلا يازىدىغاندەك، ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن مېنىڭ شېئىرلىرىمنى ئاڭلايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تۈگەپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇ ھەسرەتنىڭ ئەسەبىيلىكىدىن ئىدى، ئەلۋەتتە.

بىز دەسلەپتە بىللە يولغا چىققانلار نۇرغۇن ئىدۇق، كېيىن بوران ـ چاپقۇنلاردا سېپىمىز شالاڭلاپ كەتتى، بەزىلەر جىسمانىي جەھەتتىن نابۇت قىلىنىپ، زېھنىي ئىقتىدارىنى يوقاتتى. بەزىلەر روھىي جەھەتتە قاتمۇ ـ قات زەربىلەرگە ئۇچراپ، ئۈمىدسىزلىك ۋە روھىي چۈشكۈنلۈك ئىچىدە قەلەمنى تاشلىۋەتتى. مېنىڭ تارتقان زىيان، چەككەن روھىي ئازابلىرىم يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. يامان يىللاردا تۈرمە سىرتىدا قالغان «تىميانشان تىلەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىم يوقىلىپ كەتتى، تۈرمىدىن چىقىرىۋەتكەن بىر تۈركۈم غەزەللىرىممۇ ئاشۇ ئاقىۋەتتە يوقالدى. ئۇلارنى ئويلىسام، «شائىرلىق» دېگەن بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك كوچىدىن ئاللىقاچان قايتىپ چىققان بولاتتىم. ئەمما، مومامنىڭ روھى مېنى چىدامىلىق ـ غەيرەتلىك بولۇشقا

ئېيتىلدى. ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە شېئىر خۇمار خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغ بىر ئەزاسى، ئاددىي ئەمما يۈكسەك ئامانەتدارى ئىدى. مېنىڭ يەنە داۋاملىق يېزىشىم لازىم بولدى. مەندىكى شېئىر ئىشقى يەنە غەيرەت-جاسارەت بىلەن قوزغالدى.

مەن ئوقۇشسىزلىقلار ئىچىدە چىدام ۋە جاسارەتنىڭ ماڭا قانچىلىك ئەسقاتقانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن، تۈرمە ئىچىدىمۇ داۋاملىق مەشىق قىلىپ شېئىر يېزىشتىن قول ئۈزمىدىم، يازدىم. خەنزۇچە ساۋاتىمنى چىقىرىپ، شېكسپىرنىڭ دراملىرىنى كۆرۈپ چىقتىم. «622 - مەھبۇس» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. مەن ئۈمىدلىك ئىنسان ئىدىم، لېكىن يۇقىرىقىلار ئاسانغا چۈشمەيتتى. ماڭا يەنىلا چىدام ئەسقاتتى. ئۇ بولمىسا مېنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىي ھاياتىم بولمىغان بولاتتى. ماڭا مۇنداق باھالاشلارغا قايتىشىمۇ نېسىپ بولمىغان بولاتتى. مەن «تارىم» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «شائىرلىقنى ئويۇن دەپ قالماڭ» دېگەن شېئىرىمدا، ئىجادىيەت يولىنىڭ بىر ھەۋەسكار ئۈچۈن، ئۇنى خىلمۇ خىل ئوقۇشسىزلىق، ھەتتا قاباھەتكە ئۇچرىتىش ئېھتىمالى بولغان مۇشەققەتلىك سەپەر ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىغانىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، بىرتال بۇغداي بىلەن سەمىرىپ، بىرتال تېرىق بىلەن ئورۇقلاپ كېتىدىغان چىدامسىزلىق بۇ يولنىڭ دۈشمىنى ئەمەس، بۇ جەھەتتە ئۆزۈمدىن كۆرە، ئەڭ ياخشىسى شائىر مىرزايىت كېرىمى ۋە مىركامىل ياقۇبەك ئاجايىپ ئېگىلمەرنى تىلغا ئېلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى تولستوي: «يۈرەك قېنىنى يېزىقچىلىققا بېغىشلىغان يازغۇچىلار ھەر قېتىم قەلەم ئۇچىنى دوۋەتكە چىلىغانىدا، دوۋەتتە ئۆزىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى قالدۇرىدۇ» دېگەنىدى، ئېھتىمال، يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىنى پەدىنى جەھەتتىن ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئىسمى-جىسمىغا لايىق سالاھىيەت يارىتىش ئۈچۈن ناھايىتى زور بەدەل تۆلىشىنىڭ تەبىئىيلىكىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. لېكىن، بىزنىڭ ئەدەبىي ئىشتىياقىغا چېنىقىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى قوشقاندا، ئۇنى «زورۇر قۇزبانلار بېرىش، ھەتتا ئىسسىق جېنىنى سېلىپ بېرىش» دېگەن جۈملىلەرگە ئالماشتۇرۇش توغرا كېلەتتى. چۈنكى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ چاغلاردىكى ئەدەبىيات خۇددى قول كۆيدۈرۈپ تۇرغاندەك ئوت ئىدى.

پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەدەبىيات-سەنئەت ئىسكەنجىلەردىن ئازاد بولدى، ھەقىقىي خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتى بارلىققا كەلدى، ئۇ بىز كۈتكەن خاسىيەتلىك بىر باھار ئىدى. بۇ باھار شېئىرىيىتىمىز ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە خىلمۇ خىل ئۇسلۇبلاردا يېزىشنىڭ ئىمكانىيىتىنى بەخش ئېتىپ، قايتىدىن قانات لىنىش، يېڭىباشتىن ئات ئىگەرلەش باشقا قەلەمكەشلەر قاتارىدا ماڭىمۇ نېسىپ بولدى ھەممە گەپ ھەقىقىي تۈردە خەلق ئالقىشلايدىغان يولنى تۇتۇشتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كالىندارچىلىق ۋە سارايى

شائىرا بىرى بولۇشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكى بارلىق ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئېنىق ئىش بولۇپ قالدى. بىزنىڭ سەنئەتخۇمار خەلقىمىز يالغان تەسۋىرلەر بىلەن كەمبەغەللىكنى بوياشتىن، ساختا مەدھىيىلەر بىلەن «ياشا - ياشا!» دەۋېرىشتىن بىزار ئىدى، ئۇلار ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاشنى، مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بېيىشىنى، خەلق خىللىقىنى تەلەپ قىلاتتى. ھايات شېئىرغا، شېئىرلار ھاياتقا تەسىر قىلدى، شېئىرىيەتتە خۇددى تار كەتكەن قاپتاللاردىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان كۆكلەم مايسىلىرىدەك گۈزەل مەزمۇنلار بارلىققا كەلدى. تۇرمۇشلىرىمىزنى تاشلىمىغان قەلىمىم بىلەن يەنە شېئىر يېزىشقا كىرىشتىم. سانسىز، بۇنىڭغىچە ھەش - پەش دېگۈچە ئون يىلدىن ئېشىپ قاپتۇ. يەنە كېلىپ، بۈگۈن كىتابخانلار ياخشى كۆرىدىغان قەلەمكەشلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ قاپتىمەن.

مەن ھېلىغىچە ئۆزۈمنىڭ قايسى پەللىگە يېتىپ كەلگەنلىكىمنى بىلمەيتتىم. چۈنكى، يازغۇچى، شائىر دېگەنلەردە ئاخىرقى مەنزىل بولمايدۇ. ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشنىڭ ئىسكەنجىسىگە بەنت قىلىنغان بولىدۇ، ئىلھاملار ئۇنى تىنچ قويمايدۇ، پىكىردىن-پىكىرگە تېمىلار ئۇيقۇ بەرمەيدۇ، ماۋزۇلار ئۇنى تالىشىپ ئۆچرەتتە تۇرىدۇ. ئۇ: مېنىڭ ئىشىم ئاخىرلاشتى، دەپ ئېلان قىلىشقا قادىر ئەمەس. مەيلى مېنىڭ شېئىرلىرىم ھەققىدە يېزىلغان ئوبزورلار، ھەۋەسكارلاردىن كېلىۋاتقان خەتلەر بولسۇن، مەيلى شاگىرتلىرىمنىڭ يۈكسىلىشلىرى، دوستلارنىڭ تەبرىكلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىمۇ بۇ قېتىمقى باھالاشتەك مېنى بەلگىلىك بىر مەنزىلدە كۆرسىتەلمەيتتى، چاقىرالمايتتى، ئۇلار تارقاق ئىدى. بۇ قېتىمقى باھالاش بولسا، مېنىڭ بىر مەزگىللىك ئەجرىمنىڭ قىممىتىگە نومۇر قويۇپ چىقتى، مەن ھەممىدىن كۆرە بۇ باھالاش نەتىجىسىنىڭ، مېنىڭ شېئىرلىرىمغا ئادەتتە ئاممىدىن كېلىۋاتقان ئىجابىي ئىنكاسلار بىلەن ئوخشاش چىققانلىقىغا ھەيران قالدىم.

بۇ نۆۋەت باھالانغان قەلەمكەشلەردىن كىتابخانلار نەزەرىدە ھەرقايسىمىزنىڭ ئۆز دەرىجىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىمىز بولسىمۇ، ئەمما ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ مېنىڭ شېئىرىيەتتە رېئاللىققا، تۇرمۇشقا يۈزلەنگەنلىكىمدىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، ئۇسلۇب، تىل جەھەتتە راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇشى، تېما، پىكىر جەھەتتە يېڭى، چوڭقۇر بولۇش — مېنىڭ ئىزچىل تىرىشىش نىشانىم بولۇپ كەلدى. ئاخىرى سىڭدۈرگەن ئەجرىم نەتىجىگە ئايلاندى، جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىن مېنىڭ شېئىرلىرىم توغرىسىدا ياخشى ئىنكاسلار كېلىپ تۇردى. بۈگۈن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى خۇددى بۇ قېتىمقى باھالاشقا قاتناشقانلار سۈپىتىدە ئىختىيارسىز كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم؛ بىر كۈنى بىرەيلەن كېلىپ ماڭا: «خەۋىرىڭ بارمۇ، پالانى مەسچىتتە جامائەت سېنىڭ ‹بۇ دۇنيا› دېگەن شېئىرىڭ ئۈچۈن ساڭا دۇئا قىپتۇ!» دېدى. مەن ھاياجانلىنىپ كەتتىم، شۇ چاغلاردا

مەن بۇ شېئىرنىڭ غۇلجا خەنزۇ بازىرىدىكى بىر ئاشخانىدا تۈرمىدە دوست-بۇرادەرلىرىمنى ئەسلەپ يازغان «چەك» دېگەن بىر غەزىلىم بىلەن بىللە چوڭ خەتلىك قىلىپ كۆچۈرۈلۈپ بىر تامغا چاپلاپ قويۇلغانلىقىنىمۇ كۆرگەنىدىم. دېمەك، خەلق ئۆزىگە بېرىلگەن ياخشى ئوزۇقنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلەتتى، بايىقى شېئىر كىشىلەر قەلبىنى زىلزىلىگە سالالىغان، ئۇلارنىڭ ئويىدىكىنى تېپىپ چىقالىغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، دۇنيادىن ئىبارەت بۇ ناھايىتى قەدىمكى (كونا) شەيئىي ئويغۇر شېئىرىيىتىدە تېخى يېڭى تېما ھالىتىدە تۇراتتى. مەن ئۇنى «تۆت كۈنلۈك ئالەم»، «ۋاپاسىز دۇنيا» دېگەنگە ئوخشاش مۇجەسسەم پىكىرلەرنى چۆرىدەپ تۇرۇپ، ئەتراپلىق ھالدا ئوبرازلىق تىل بىلەن شەرھىيلەپ چىققان بولدۇم، ئۇنىڭدا ھەرگىز بىر مىللەت ياكى بىرلا تائىپىگە قارىتىلغان نوقۇل مۇكەممەللىك تەشۋىقاتى كۆتۈرۈپ چىقىلغان بولماستىن، ئەكسىچە، بۇ دۇنياغا ئىنسان بولۇپ يارالغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەڭ مالال، پاك ياشاشنىڭ لازىملىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ، كىشىلەر ۋۇجۇدىدىكى ھەقىقانىي تۇيغۇغا تامامەن ئويغۇن. بۇ شېئىر ئۈچۈن چېلىنغان چاۋاكلار ھەرگىز ئاددىي خەلقنىڭ ئاڭسىز ئالقىشى بولماستىن، بەلكى ئاچقان يېرىگە بارغان دانىنىڭ مەنپەئەتدارلىق جاۋابى. بۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، مەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزلىرى ئۇزاقتىن بۇيان دېمەكچى بولۇپ يۈرگەن، ئەمما قاملاشتۇرۇپ دېيەلمەيۋاتقان گەپلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك شېئىرلاشتۇرۇپ چىققۇچى ئىدىم.

جەنۇبىي شىنجاڭنى ساياھەت قىلىپ كەلگەن بىر بۇرادىرىم ماڭا ئالاھىدە كېلىپ بىر شەھەردە بىر ئايالنىڭ مېنىڭ «ئۆز يارىڭ» دېگەن شېئىرىمنى بىر نەچچە ئايالغا ئېيتىپ ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ «شېئىر دېگەن مۇنداق بولامدۇ!» دەپ تەرىپلىشىپ كەتكەنلىكىنى يەتكۈزدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «پاھ، پاھ، شۇ ئايالارنىڭ كۆڭلىدىكىنى قەيەردىن تېپىۋالغانسەن؟» دەپ چاقچاقمۇ قىلدى، ئۇ شېئىردا سۆيگۈ-مۇھەببەت، ئائىلە تېمىسىدا ۋاپادارلىق نۇقتىسىدىن كۈچلۈك تەشۋىق قىلىنغانىدى. مېنىڭ ئەسلىشىمچە، بىزنىڭ كۆپ شېئىرلىرىمىز سۆيگۈ مۇھەببەتتىكى ساداقەت-ۋاپادارلىقنى پەقەت ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ قىز-يىگىتلىك مەزگىلىگىلا خاس پەزىلەت سۈپىتىدە كۆيلەپ كەلدى. مەن ئۇنى ئائىلە زېمىنىدىمۇ شەرھىيلەپ، مۇھەببەتتىكى پاكلىقنىڭ زۆرۈرىيەت دائىرىسى ئۆمۈر بىلەن بىر مەنزىلدە كۆرسەتتىم، بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ يۈكسەكلەشتى، يۇقىرىقى شېئىردىن باشقا «مۇھەببەتتە ياشايمىز»، «ۋىسال لىرىكىسى» قاتارلىق شېئىرلىرىم ھەم ئەنە شۇنىڭ مىسالى. مېنىڭ شېئىرلىرىم ئېھتىمال، كىشىلەرگە ئاشۇ نۇقتىلاردىمۇ ئىجادىي، يېڭى تۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

مەن ئانىلار تېمىسىدىمۇ كۆپ شېئىر يازدىم، دۇرۇس، بۇ تېمىدا يېزىلىپ، ئانىلار ئۇلۇغلانغان شېئىرلار ناھايىتى كۆپ، لېكىن ئۇلاردا بىرلا

خەلىلىق ئېغىر ئىدى. ماڭا بۇ تېمىدىكى ئىزدىنىش زۆرۈر بولۇپ چىقتى. نەتىجىدە «قانداق قىلارمەن»، «ئانا يار ئۆيلەر بېھىش»، «ئانا دېسەم»، «سەن يوق» دېگەن بىر قاتار شېئىرلارنى يازدىم. «قانداق قىلارمەن»نى ئوقۇپ بەرگىنىمدە مۇئەييەنلەر يىغلىدى، ياشلار ئۆيىگە چۆمۈلدى. «سەن يوق»نى تېلېۋىزوردا ئوقۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر دوستۇم ماڭا قىزىق بىر ئۇچۇر يەتكۈزدى: «بىزنىڭ مەھەللىدە بىر ياش چوكان ئانىسىنى رەنجىتىپ قويۇپ، بېرىش-كېلىش قىلمىغىلى تۆت ئاي بولۇپ قاپتىكەن، — دېدى ئۇ، — سېنىڭ شېئىرىڭنى تېلېۋىزوردىن ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئۈچ-تۆت پولاق بىر نەرسە ئېلىپ، ئانىسىنىڭكىگە يىغلاپ كىرىپ كەپتۇ. ئانىسى ئاۋال ھاڭ-تاڭ قىلىپ، كېيىن ئۇمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ئانىدىكى كۆڭۈل سېنىڭ شېئىرىڭنى مومايمۇ ئاڭلاپ كۆز يېشى قىپتىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەپلىشىپ قاپتۇ. كېيىن ھېلىقى موماي قىزىقچىلىق قىلىپ: ھېلىقى بالىمۇ يىزنى تۆت ئاي قېيداشتۇرۇپ يۈرگىچە، ئاشۇ شېئىرنى بالدۇرراق ئوقۇسا بولمامدۇ؟ دېگەن». بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەن كۈلۈپ كەتتىم. بىر شېئىرنىڭ مۇنچىلىك تەسىر قوزغىيالىشىنى ئۆزۈممۇ ئويلاپ باقمىغانىدىم. بۇنىداق تەسىراتنىڭ ئەڭ چوڭىنى شائىر ئىمىن ئەخمىدىنىڭ بولتۇر ئۈرۈمچىدىن يازغۇچى ئابدۇراخمان ئارقىلىق ئېيتقان سەممىي سالىمىدىن ئاڭلىدىم. شائىر ئۇنىڭغا: «يېقىندا جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايلىنىپ كەلدىم. كۆپ كىشىلەر مۇھەممەتجاننى سورۇشتۇردى، شېئىرىيەت ھەققىدە سۆز بولغانلىكى يەردە ئۇنىڭ شېئىرلىرى تەرىپلەندى. كۆپ كىشىلەر مەندىن غايىبانە سالام ئېيتتى، سىز بۇنى مۇھەممەتجانغا ئۇنتۇلماي يەتكۈزۈپ قويسىڭىز» دەپتۇ. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، «يىللار ئىزى» توپلىمىم ئارقىلىق جەنۇبتىكى قېرىنداشلار بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرراق مۇڭدىشالىغانلىقىمغا تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتىم.

بولتۇر نورۇز بايرىمىدىكى بىر ئىش مېنى تېخىمۇ ھاياجانغا سالدى. مەن بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ئويۇشتۇرۇلغان ئاممىۋى سەنئەت سورۇنىدا بىر شېئىر ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىكى:

نانىنى يېلىپ، تونۇمىساڭ دېھقاننى،

بۇ دۇنيالىق ئىمتىھاننىڭ نۆل، دەيدۇ! دېگەن مىسرالارنى ئوقۇغىنىمدا پۈتۈن زالدىكى تاماشىبىنلار مېنى گۈلدۈراس ئالقىش-چاۋاكلارغا كۆمۈپ تاشلىدى. بۇنىڭغا شېئىردا يۈكسەكلەشتۈرۈلگەن دېھقاننىڭ قەدىر-قىممىتى پىكىردىكى ھەققانىيلىق بىلەن سەۋەب بولغانىدى، مانا بۇ خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئۆزىنى يېزىش مەقسىتىگە يەتكەنلىك بولاتتى. مەن مۇشۇ ئارقىلىق ئاستا-ئاستا خەلقنىڭ قەلبىگە كىرىپ بارغان، مېھماندىن ئۆزگە ئايلانغان، ئۇلار بىلەن كۆڭۈل ئالماشتۇرغانىدىم.

شېئىردىكى پىكىرنىڭ ئىنجادىي، چوڭقۇر بولۇشى بىلەن تىلىنىڭ

چۈچۈك، راۋان بولۇشى — شېئىرنىيەتتە ئاسان يەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. يېتەلىمىسەممۇ مەن ئۇنىڭغا يۈرۈش قىلغانمەن، ئاخىرى ئۇنىڭ كىشىلەرگە بەخش ئەتكەن ھوزۇرىدىن بۇنىڭغا سىڭدۈرگەن ئەجرىمنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىگە كۆزۈم يەتتى. بىر ئىش تېخى يادىمدا: 1985 - يىلى يازدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن بىر تۈركۈم قەلەمكەشلەر خوتەندە بولدۇق. بۇ پائالىيەتتە پېشقەدەم يازغۇچى، شائىرلاردىن مەرھۇم زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ، تۇردى سامساقلارمۇ بار ئىدى. ساھىبخان ۋىلايەت بىزنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. بىرنەچچە كۈتكۈچى قىزلارنىمۇ ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى خۇددى ئۆز ئاتا-ئانىلىرىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلغاندەك قىلىشتى. ئۇلار ئۈچۈن بىز داستان يازساقمۇ ئەرزىمەيتتى. خوتەندىن ياناردا ئۇلار خاتىرە سۆزى قالدۇرۇش ئۈچۈن بىزگە خاتىرە دەپتەرلىرىنى سۇنۇشتى. مەن باشتا نېمە دېسەم بولاركىن، دەپ ئويلاندىم، كېيىن قەلەمنى ئالدىم-دە، مەدىنە ئىسىملىك بىر قىزنىڭ دەپتىرىگە:

ئىسسىق چاي، ئىسسىق چىراي سىزدىن بولدى،
رەنجىمەڭ، قۇرۇق رەھمەت بىزدىن بولدى! — دەپ يېزىپ قويدۇم. ھېلىقى قىز بۇنىڭدىن خۇددى ئاۋار-دۇردۇن كىيگەندەك خۇش بولۇپ كەتتى. بۇ ئىككى قۇر نەزمىنى يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرمۇ پىكرىنىڭ يېڭى، تىلىنىڭ چۈچۈك، ۋەزنىنىڭ يەڭگىللىكى بىلەن ماختاپ كەتتى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، 1987 - يىلى كەچكۈزدە قارامايدا يەنە جەم بولۇپ قالدۇق؛ ئايتاردا، پائالىيەت جەريانىدا بىزگە ناھايىتى قىزغىن خىزمەت قىلغان مېھمانخانا ئاشخانىسىغا بىر لەۋھە تەقدىم قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا بىر نەچچە شېئىر يېزىپ باقتۇق، ئەمما، لەۋھەگە ئازراق سۆز لازىم ئىدى، شۇ چاغدا مەن خوتەندە يازغان بايىقى بىر بېيىتلىق شېئىرنى سۇندۇم، رەھبەرلىك ئۇنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ لەۋھەگە ئىشلەتتى، كېيىن خۇلاسە يىغىنىدا پېشقەدەم شائىر ئابلىز نازىرى شېئىرىيەت ئۈستىدە توختىلىپ، مۇشۇ ئىككى مىسرا بېغىشلىمىنى ھەقىقىي ئىلھام ۋە پىششىق ماھارەتتىن ئاپىرىدە بولغان يېقىملىق شېئىر، دەپ ماختىدى. دېمەك، ئۇ تۆۋەندىكىمۇ، يۇقىرىدىكىمۇ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇ قېتىم قارامايدىن ياناردا مۇشۇنداق شېئىرلارنىڭ جۈملىسىدىن، پېشقەدەم ئارتىستكا گۈلگىنەنىڭ ماڭا سۇنغان خاتىرە دەپتىرىگىمۇ:

ئاسان ئىكەن دەستلاشماق،
قىيىن ئىكەن خوشلاشماق. — دەپ ئىككى قۇر شېئىر قالدۇرغانلىقىم، گۈلگىنەنىڭمۇ بۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ كەتكەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

مەن كېيىنكى يىللاردا «سەن مەندەك بولالامسەن»، «ئون بەش چۆجەم»، «تامچى توغرىسىدا مۇخەممەس»، «يامان بولىدۇ»، «ئىنجىق» قاتارلىق يەنە

يېزىلغان ساتىرىلارنىمۇ يازدىم، بۇنىڭدىن ئوبيېكتىپنى خەلقنىڭ كۆزىدىلىك تۇرمۇشىدىن ئىزدىدىم، شېئىرنىڭ تىلىنى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن، ساتىرىيانى شۇلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن ئالدىم، ئۇلار مۇنداق ساتىرىلارنى سۆيۈنۈپ ئوقىدى. ساتىرىدىن ئىبارەت بۇ سۈپۈرگىنىڭ قولۇمدىن چۈشۈپ كەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلىشتى. «ئىلى گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى»گە بېسىلغان «بىر دېھقاننىڭ سۆزى» ناملىق ماقالىدىكى نىلقىلىق دېھقان مۇتەللىپ ئىسھاقنىڭ ماڭا بىر دانە سۈپۈرگە سوۋغا قىلغانلىقى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى.

يېقىندا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار ئەمەلىي مىساللارنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى ئىنكاسلارنىڭ ھەقىقىي دەلىلى بولۇپ، بۇ قېتىمقى باھالاش ئۇلارنى تېخىمۇ مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈردى. بۇ خىل بىردەكلىك مېنىڭ ئىجادىيىتىمدە قىممەت ياراتتى. مەيلى ماڭا ئادەتتە مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر بولسۇن ياكى بۇ قېتىمقى باھالاشتا مېنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن كىشىلەر بولسۇن، ئۇلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا ئەجىر قىلىۋاتقان ئۆز شائىرلىرىغا سەگەكلىك بىلەن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى جاكارلىدى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قانداق يۈزلىنىش، كىمنى يېزىش ۋە قانداق سەۋىيە يارىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈردى. بۇ جاكار ۋە چۈشەندۈرۈشلەردىن شېئىرىيىتىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىرنەچچىلىگەن ئەڭ ياخشى ئوبرازلارنىمۇ ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە مېنىڭ تەسىراتلىرىم ناھايىتى چوڭقۇر.

مەن كىتابخانلارنىڭ رايىنى سىناش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىگە مۇشۇ باھالاش ئۈچۈن جەۋەللەر تارقىتىلغاندىلا ئاپىرىن ئوقۇغانىدىم، بۇ ئاپتورلار بىلەن كىتابخانلار ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ناھايىتى زۆرۈر خىزمەت، ئىلگىرى مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى شېئىرىيەتتە چوڭلارنىڭ سورۇنى ئەمەس، ياشلارنىڭ مەشىق مەيدانى، شۇڭا پۈتكۈل ئىجادىيەت قوشۇنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارتۇقچە پائالىيەتچانلىقى يوق دەپ قاراپ كەلگەنىدىم. بۇ قېتىم خۇسۇسەن كېيىنكى ھۆكۈمۈمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە، ژۇرنال رەھبەرلىكىنىڭ بۇ جەھەتتە ئاتتىق باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھەر بىر قەلەمكەشلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن كەڭ كىتابخانلارنىڭ رايىنى بىردىنبىر مىزان قىلىدىغان ئادالەتلىك يولدا كېتىۋاتقان تەدبىرلىك كوللېكتىپ ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. مەن تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن، رەھمەتلەر ئېيتىمەن. بۇ، ھەرگىز ئۆزۈمنىڭ باھالانغانلىقىمدىن ئەمەس، ئەكسىچە، ئىشنى مۇشۇنداق دېموكراتىك ئىستىل بىلەن ئاقىلانە ئىشلەيدىغان كىشىلەرگە خۇشتار ئىكەنلىكىمدىن ئېيتىلغان.

(داۋامى 108 - بەتتە)

# ۋالكوت شېئىرلىرىدىن

## ئەركىن نۇر تەرجىمىسى

مۇھەررىردىن: دېرەك ۋالكوت (Derek walcott 1930 -) كارايىب دېڭىزىغا جايلاشقان غەربىي ھىندى ئاقىم ئاراللىرىدىكى سېنت لۇسىيە ئارىلىدا دۇنياغا كەلگەن كارايىبلىق داڭلىق شائىر، رەسسام ۋە دراماتورگ.

«ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ زور تۈۋرۈكلۈك رولىغا ئىگە بولغانلىقى، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئافرىقا بىلەن ياۋروپانىڭ ئىككى خىل قېنى ئۇرغۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن» ئۇ 1992 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ ھازىر ئامېرىكا بوستون داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

ۋالكوت كۆپ قىرلىق ھەم كۆپ مەھسۇلاتلىق شائىر. ئۇ 1962 - يىلىدىكى ئۆزىنىڭ كارايىب شېئىرىيىتىنى يۈكسەك يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرگەن «زەڭگەر كېچە» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئېلان قىلغاندىن بۇيان «سەرگەردان» (1965) قاتارلىق 17 شېئىرلار توپلىمى، «مايمۇن تېغىدىكى چۈش» (1976) قاتارلىق بەش پارچە درامىلار توپلىمى ھەمدە بىر قىسىم ئەدەبىي ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى.

ئۇ كۆپ تىللىق شائىر بولۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى ئىنگلىز، فىرانسۇز ياكى ئىسپان تىلىغا ئوخشاش بىر قانچە ئاساسلىق تىللاردا يازىدۇ. ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلى شېئىرىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى «ئىلىئاددا»، «ئودېسسا» داستانلىرىنىڭ ئەپسانىۋى قۇرۇلمىسى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن «ئومېروس» ۋە «ئۆزگىچە ھايات» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئېپوسلىرىدۇر.

كارايىب ئامېرىكا، ياۋروپا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ تۇتىشىش نۇقتىسىغا جايلاشقان بولغاچقا، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ قان سىستېمىلىرىدىن تارتىپ مەدەنىيىتىگىچە شالغۇتلىشىپ كەتكەنىدى.

ۋالكوت بۇ خىل مۇرەككەپ، سىرلىق، شالغۇت مەدەنىيەتتىن ئۆزلۈكسىز ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەيدۇ. لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىزمۇ بەزى ئوبزورچىلار ئېيتقاندەك، كارايىبنىڭ يەرلىك شائىرلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ باي ئەپسانىۋى تەپەككۇرى بىلەن ھەرقانداق بىر مىللەت، ھەرقانداق بىر دۆلەت ياكى ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئېقىمدىن ھالقىپ كېتەلىگەن، كۈچلۈك خاسلىققا، ئۇسلۇبسىز ئۇسلۇبقا ئىگە دۇنياۋى شائىر بولالىدى.

ۋالكوت ئەسەرلىرىدە ئاساسەن ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئىجتىمائىي جەمئىيەت، ئىنسانىيەت بىلەن شەخس (كونكرېت شەخسنىڭ، جۈملىدىن سەنئەتكارنىڭ تەنھالىق تۇيغۇلىرى) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئىپادىلىنىدۇ.

بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبىنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ ھوزۇرىغا سۇنىمىز.

### ئاخىرلىشىش

تەنھا مەن، ياشىدىم سۇنىڭ ئىچىدە.
ئەزەلدىن بولمىغان خوتۇنۇم، پۇشتۇم.
مۇمكىنلىك ئالمىسى ئورىشان مېنى،
يېتىمەن ئاخىرقى نىشانغا چوقۇم:

كۆلرەڭلىك ساھىلىدا تۇرغان كەپىنىڭ —
كۆزنىكى ھاڭقىرقاي ئېچىلار ھامان
ئۆلگەن شۇ دېڭىزغا، بوپ قالغان ئۇدۇم
ياقمايدۇ بىزگە بۇ كۆرۈنۈش تامام،

ۋە لېكىن يوق بىزنىڭ ھېچبىرىمىز،
ئۆزىمىز سالغان شۇ كەپىدىن بۆلەك.
ئازابقا مۇپتىلا بولغان ھەممىمىز،
يۈكلەرنى چۆرۈيمىز، بىزلەرگە كېرەك

روزىغار، بايلىقنى قالدىمىز ساقلاپ.
مۇھەببەت شۇ قەدەر ئېغىر قورامتاش،
كۆلەڭلىك دېڭىزنىڭ ئاستىغا چۆككەن.
نەزمەمدىن كۈتمەيمەن تۆكۈپ كۆزدىن ياش

ئاتاق ۋە ئابرويىنى، ئېچىنىشنى ھەم،
كۈتمەيمەن يارامغا مەلھەمنىمۇ بەس —
چىن بولسا ھېس-تۇيغۇ كۇپايە ماڭا،
كەم سۆزلۈك كەمپىرىم ئولتۇرۇشىمدا،
كۆرەيلى كۆلەڭ شۇ دېڭىزنى بىر پەس.

بىر خىللا ياشىدۇق، ئۆتتى ئۆمرىمىز،
ئەخلەتنىڭ تېگىگە كۆمۈلگەن ئوخشاش،
تۇتقۇن بوپ ياشىدۇق تۇرمۇش غېمىدە
ياشىغان ئۆمرىمىز تاشلارغا تەققاس.

ئۇنتۇلاي ئىقتىدار، تالانتىمنى ھەم،
مەن ئەمدى ئۇنتۇلاي سەزگۈمنى تۈگەل،
ئۇنتۇشتەك ئۇلۇغ ۋە مۈشكۈل ئەمەستۇر،
ياشىماق ئۈچۈنلا تۆلەنگەن بەدەل.

## باش ياز، توباگو ①

قۇياش تاش قاپلىغان بىپايان ساھىل.

ئاپئاق ھارارەت
يا پېيشىل دەريا.

بىر كۆۋرۈك
ئاپتاپتا سارغايغان كوكوس دەرىخى

يازلىق تونالغۇ ئۆيىدە،
ئۇخلار پۈتكۈل ئاۋغۇست بەھۇزۇر.

ئىگە بولغان كۈنلىرىم،
قولدىن كەتكەن كۈنلىرىم،

ۋاقىت ئوخشار قىزلارغا، يېتىپ ۋايىغا
چىقىپ كېتەر مېنىڭ شۇ باغاشلىغان
قۇچاقلىرىمدىن.

## تاقىم ئاراللار

بۇ مىسرانىڭ ئاخىرىدا قۇيۇلۇشقا باشلايدۇ يامغۇر.
يامغۇرنىڭ نېرىقى چېتىدە بىر يەلكەننىڭ سايىسى.

بارا - بارا يەلكەنگە كۆرۈنمەيدۇ تاقىم ئاراللار؛
پۈتكۈل ئىرق ئېتىقادى، قولتۇق سۆيگۈسى
چاپچىپ كىردى تۇمانلارنىڭ قېتىغا.

ئاخىرلاشتى ئون يىللىق ئۇرۇش.
گۈزەل زۇلفى ھېلېننىڭ بىر توپ قارا بۇلۇتتۇر،
ئاقۇش كۆللەر ئورنىغا ئايلانغاندۇر تىروويا،
سىم - سىم يامغۇر ياغقان دېڭىز بويىدا.

① توباگو — غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى بىر ئارالنىڭ نامى.

چىڭىتىلغان يامغۇر سىمى تارىسىدەك چىلتارىنىڭ.
كۆزلىرى بولۇتتا قاماشقان بىراۋ
تەگشەپ يامغۇر سىمىنى چالماقتىدۇر «ئودېسسا» نىڭ تۇنجى مىسرالىرىغا.

## يېڭى دۇنيا

كەتكىنىدە بېھىش قولىدىن ئۇنداقتا،
قالدى بىزگە قايسى بەخت ئاقىۋەت؟
قالغىنى: قورۇنۇش ئادەم ئاتىنىڭ
تۇنجى رەت تۆكۈلگەن تەردىن پەقەت.

شۇندىن سۈگرە پۈتكۈل ۋۇجۇت، تەنلەرنى
تۇزلارنىڭ ئۇۋۇدقى ئالغانتى بېسىپ،
تەگلەنگەن تۆت ئىقلىم بىسلىرى تەنگە،
تەشۋىشلەر قاپلىغان قويۇشتىن كېسىپ،
كۆتىسىدۇ ئۆزىگە تەۋە شادلىقنى
ۋە لېكىن قاچىمۇ بولمىغان نېسىپ.

يىللانىماي ئۇمۇ ھەم خالىماس ئەسلا
يۇمشاق بوپ قېلىشىنى شاختا لاتىدىن.
كۆيلەيدۇ مېھنەتنى، خالىماس يىللان
جۇدا بولۇشىنى ئادەم ئاتىدىن.

ئىككىسى بىقەشار سۇۋادان تېرەك
كۆمۈشتىن ھەل ئالغان يوپۇرماقلارغا،
ئۆكتەبىر ھەل بەرگەن كاۋچۇك ياپرىقى،
ئۆزگىرىپ تۇردۇ پۇلغا، تىللاغا.

ئادەم ئاتا سۈرگۈن بولۇپ جەننەتتىن،
كېلەرىدە بىزنىڭ يېڭى جەننەتكە،
قولۋاقتا تەك چىقىپ تىللا يىلانمۇ
ھەمراھ بولغانمىش ئاگا ئەبەدكە.

چارىلىرى كۆپتۇر ئادەم ئاتىنىڭ.
يىلانىنىڭ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشى
زور يوقىتىشلارنى قايتۇردى تولۇق،
ياراتتى ئۇلار بۇ يېڭى دۇنيانى،
شۇ قەدەر مەنىلىك، جەننەتتىن ئۇلۇغ؛

## يۇلتۇز

مۇندا يۇتتۇرۇپ قويساڭ نۇرۇڭنى
شەيئىلەرنىڭ نۇرلىرى ئارا، زەئىپكىنە
ئۆزۈڭنى
ئېنىق ھەم مۇۋاپىق يېراقلىقىمىزغا
يوشۇرساڭ، بولۇت توسقان ئاي كەبى
تۇرۇپ قالساڭ ياپراقلارنىڭ ئاراچ-
لىرىدا، خالىساڭ
بۇ ئۆيىدىن قۇچارسەن شادلىق شەكلىسىز؛
ئاھ يۇلتۇز، ھېسداشلىقىم ئاشار
ھەسسىلەپ،
گۈگۈملەر چۈشمەستىن بولغاچ سەن ئايان
تاڭ نۇرى پالقىماستىن بولغاچ سەن غايىب،
خالىساڭ تاتارغان يالقۇنلار شەكلىسىز
يارقىن قۇياش ھايا جانىنى قىلارنام ن
لاتقىلار كېچىپ
يېتەكلەپ باردۇ ئالغا
ئەڭ رەزىل كىشىمىزنى تاللاپ ئۇھامان.

## مۇشتۇم

يۇرىكىمنى سىققان شۇ مۇشتۇم،
بوشىغاندا ئالارمەن نەپەس —
نۇردىن، بىراق سىقار ئۇ يەنە.
مەن سۆيمەي قانداقمۇ
ئازابىنى سۆيگۈنىڭ؟
بۇ سۆيگۈ بارغان بىراق مەجنۇن
دەرىجىسىگە ئېشىپ سۆيگۈدىن.

سىقىتىشلىرى مەجنۇننىڭ جانسىز،
چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا ھۇۋلاپ —
چوڭقۇر ھاڭغا، غەيرىي ئىدراكلىق
قىيا تاشنى تۇتقان: سىقىمداپ.
يۇرىكىمنى چىڭ-چىڭ سىق،
شۇندا چوقۇم ئالارمەن ياشاپ.

## تولۇنئاي

ئايلىنار بىر پارچە شېئىرغا، شېئىرغا قارشى ئېزىقىشلىرىدىم.
چۈشۈپ كەتكەن ئېپدېپوسنىڭ بېشىغا ئۈچىنچىگە ①، ھۆۋلاپ زۇۋانسىز،
باشلىرىمنى سوزىمەن مەڭگۈ ئۈركەشلىگەن بۇلۇت-تۇمان قېتىدىن.

سەزدۇرمەستىن ئايلىنىدۇ تاق سادا مېنىڭ بۇ جىسمىم،
ئاستا - ئاستا ئايلىنىمەن كۈمۈش قۇڭغۇراقلا ھەم
بىر سوزۇق تاۋۇشقا ئېلىپسىمان يۇرگەن لەلەگلەپ،
ئايلىنىمەن ھەمدە مۈشۈك يا پىلاققا،
نۇر بۇرجىغا، ھارارەتلىك ئاپئاق يالقۇنغا.

ئىنگاھىمنى تاشلايمەن تولۇنئاي چايقىغان سايىلەرنىڭ كۆيۈشلىرىدە،
ئۇلار ئوخشار گوياكى ئۆز نۇرىدىن مەست بوپ كەتكەن شامىلارغا
تەرك ئېتىپ ئۇيقۇنى.

نەزەرىمنى يۆتكەيمەن ئاندىن، غەلىتە تاشلار چوخچىيىپ تۇرغان
سۇغا چۆكۈپ ئۆلگەن ناخشىچىنىڭ تاغ تىزمىلىرىدىكى بارارىيولىغا.

قېتىپ قالغان ئۇ ئىنگاھلار، ئاپتاپلاردا قارىداپ
تون قوينىدا بولغان ئۆزۈك سەن ئاشكار
قەدىمىي تاشلارغا كەتكەن ئايلىنىپ، يازالامسەن ئوتلۇق ئەشئار،
يازالامسەن تولۇنئاينى قىلىپ جەلپكار؟

نېچۈك شۇنچە كېچىكىپ بويسۇندى ساڭا شەيتان؟
ئۇ كىمنىڭ سۆكۈتى بۇنچە، بالدۇر سازا قىلمىغان؟

## سۆيۈپ بولغان ئۆزۈڭنى سەن سۆيەرسەن قايتىلاپ

سەن بىر كۈنلەر ئېھتىمال
كۈتۈۋالارسەن ئۆزۈڭنى
بوسۇغاڭغا كەلگەندە خۇشال،
كۆرۈنگەندە كېلىپ ئەينەك ئالدىغا

① ئېپدېپوس، يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى مۇزىكانت ۋە شائىر. ئۇ شاراب ئىلاھىنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى تەرىپىدىن پارچە - پارچە قىلىنىپ بېشى بىر دەرياغا تاشلىۋېتىلىدۇ، سۇ ئۇنىڭ بېشىنى دېڭىزغا، دېڭىزدىن ئۆتۈپ يۇنانىڭ لېسبوس ئارىلىغا ئېقىتىپ بارىدۇ.

بىر - بىرىڭلارغا قىلىپ تەبەسسۇم، دەرسلەر
مەرھەمەت، ئولتۇرۇپ بېقىڭچۇ مەزگە دەرھال.
ئەسلىمىدىكى كىشىڭنى يوقچۇن، سەن سۆيەرسەن قايتىلاپ.
شاراب، بولكا تۇتارسەن ئاڭا ھەمدە قەلبىڭنى
قايتقان قەلبىڭ ئۆزىدە، سۆيگۈنىڭنىڭ قېشىغا قايتقان،
كەمسىتەرسەن سەن جەزمەن ئۇ ناتونۇش كىشىنى،
سېنى مەخپىي سېغىنغان بىر كىشىنى قالغاچقا سەن ياقتۇرۇپ.
ئۇ ئالىدۇ كىتابىڭنىڭ جاۋىنىدىن سوغۇرۇپ.
مەكتۇب، سۈرەت، چۈشكەن خاتىرە،
سويۇپ تاشلار ئەينەكتىكى سېنىڭ تاشقى شەكلىڭنى.
سۈرگەن قۇتلۇق پەيزىنى ھاياتىڭنىڭ بىر پەس ئولتۇرۇپ.

## تولۇقلاش

ھەر ئىككى شەكىللەر قىينايدۇ روھىي كېسەللىنى،
مەن ئېرىشكەن سۈرگۈن ھايات ياللانما ئەدەب ئەسىرى گويا
ئوغا قىسىمان ھىلال ئاي كۆككە يورۇق سەپكەن ساھىلدا
قەدىمىمنى سۆرەيمەن، بارىمەن ئالغا،

سەيىر قىلىپ مەقسەتسىز،
تەشنالىقلار ئۇنتۇلغان
دېڭىزنىڭ سۆيگۈسى — ئۆزلۈك سۆيگۈسى.
ھاياتىڭنى ئۆزگەرتمەك كېرەك، ئۆزگەرتمەكچى بولساڭ تىلىگىنى.

ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەسسەن ئۆتمۈشتىكى سەۋەنلىكىمنى.
ئۇپۇقنىڭ سىزىقىدىن دولقۇنلار قايتقان بېزىپ خېلى ئاۋاللا.
چىرقىراق ئاۋازدا سايرايدۇ چايكا
تەنھا قولۋاق ئۈستىدە چىرىپ، سېغىنغان،
شارلوتمۇبىل ① ئاسمىنى ئۆزرە قارا قىسىمان زەھەرلىك بۇلۇتتۇر ئۇلار.

دەيتتىم ۋەتەن سۆيگۈسى ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدۇ،
مەن خالايمەن شۇ دەمدە دېڭىزغا قېلىشنى پاتماي سۆيگۈمنىڭ.

كۆرگەنمەن، قەھرىمانلارنىڭ ئىستەشلىرىنى
ئىت كەبى زىيادە ئىلتىپات - كۈتۈش.
كىرىپ قالدىم ئوتتۇرا —

ياشقا، قارايغان تېرەم نېپىزدۇر پىياز پوستىدەك
قوللىرىدىن قەغەز ئوخشاش چۈشەر سويۇلۇپ،
پىرجىنتنىڭ ② تېپىشمىقىدەك.

① شارلوتمۇبىل — تو باكو ئارىلىدىكى بىر بازارنىڭ نامى.

② پىرجىنت — ئىبسىننىڭ «پىر جىنت» ناملىق دراممىسىدىكى پېرسوناژ بولۇپ، ئۇ پىيازنىڭ ھەر بىر قەۋەت پوستىنى ئۆزىنىڭ خاراكتېرىدىكى مەلۇم بىر تەرەپكە ئوخشىتىپ، بىر قەۋەت-بىر قەۋەتتىن سويۇپ كۆرىدۇ، بىراق ئۇ ئاخىر پىيازنىڭ يۈرىكىدە ھېچنەرسىنىڭ يوقلۇقىنى بايقايدۇ.

قەلبىم قۇرۇق، يوقتۇر ھېچنەرسە، ھەتتا ئۆلۈم تەشۋىشى
ماڭا يورۇق ئۆلگۈچىلەر تالاي - تالايلاپ
ئۇلار شۇنچە تىزگىنسىز ھەمدە يېقىن ئۆزىگە،

ئوخشايدۇ ئۇلارنىڭ ئۆلۈش ئۇسۇلى، يېقىنلىغاندا ئوت
قورقمايدۇ كۆيۈشتىن، ئۇلارنىڭ تېنى
سەزمەيدۇ ئوت ئېغىزىنى زېمىننىڭ پەقەت.

ئاشۇ قۇياش خۇمدانىدىن ياكى كۇلۇكىدىن،
قورقمايدۇ ئورغاقتەك ھىلال ئايمۇ ھەم، بۇلۇتنى يىرىپ
ساھىلنى ئاق قەغەز بېتىدەك يورۇتار قەۋەت.

ئۆزگىچە غەزەپتەر ئۇنىڭ بارچە سوغۇققانلىقى.

(خەنزۇچە «ھازىرقى زامان چەتئەل ئەدەبىياتى»، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «چەتئەل ئەدەبىيات - سەنئىتى»ژۇرناللىرىنىڭ 1993 - يىللىق 1 - سانلىرى ۋە «شېئىرىيەت»ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 12 - سانىدىن ئېلىندى).

---

(بېشى 102 - بەتتە)

شۇنىمۇ ئىزاھلىغاچ كېتەيكى، ماڭا ئوخشاش پەۋقۇلئاددە خۇشال بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ھاياجانلىرىدا ئۆزى كۈتمىگەن تاسادىپىيلىقتىن تۇغۇلغان تۇيغۇلارنىڭ غەۋغالىرى ناھايىتى قويۇق بولىدۇ. باھالاشنىڭ بىر مۇنبىرى ماڭىمۇ تاسادىپىي تۇيۇلدى. چۈنكى، مېنىڭمۇ ناچار يېزىلغان خېلى شېئىرلىرىم بار، ياش مەزگىللىرىمدىكى زېھنىي كۈچۈم تامامەن دېڭىزدەك بىھۇدە تېمىلارغا سەرپ بولۇپ كەتتى، بۇنى بىزنىڭ تەكتۇش - زامانداشلىرىمىز ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ كىتابخانلار مېنىڭ نامىمنى شەرەپ تاختىسىغا يازدى. بۇ ئېھتىمال، مېنىڭ ئىجادىيەتتە خەلقنىڭ ئىستېتىك تەلەپلىرىگە يېقىنلىشالىغانلىقىمنى مۇھىم بىلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلار ماڭا تېخىمۇ زور ئىلھام ۋە غەيرەت - شىجائەت بەخش ئەتتى. مېنىڭ چەكسىز مىننەتدارلىقلىرىم ئەمەلىي ئىجادىيەت جەريانىدا تېخىمۇ يارقىن شېئىرلار بىلەن بىلدۈرگۈسى. ئېيتالايمەنكى، بۇ ھەرگىز مېنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىم ئەمەس. ئىجادىيەتتە يەنە نۇرغۇنلىغان يېتىشسىزلىكىم تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئەمما ئاتالغان ئۇنۋانىنىڭ قىممىتى يۈكسەك، ھېكمىتى چەكسىز. شۇڭا، كەڭ كىتابخانلار كۆرسەتكەن ئىككەن مېنىڭ ئۆز - ئۆزۈمگە: ئەمدى شائىر بولۇپ قالغان ئوخشايمەن! دەپ پىچىرلىماسلىقىم مۇمكىن ئەمەس.

## كلاسسىكلىرىمىز

# رۇبائىلەر

### زەلىلى

× ×

ئەي، جۇملە جەھان ۋۇجۇدى سەندىن پەيدا،
ئاتەشكەدە ① ئىشقىڭنى دۇدى سەندىن پەيدا،
ئاسارى ② ئۇلۇغلۇقۇڭ پەلى زاھىر ئۈچۈن،
كۆك گۈمبەزىنىڭ كەبۇدى سەندىن پەيدا

ئەي، يارۇ-بەرادەران ھەمراز،
قەبرىمدە قىلىڭلار نەغمە ئاغاز ③؛
يۈز پارە بولۇپ قىلۇرمەن نالە،
چىقاي كەفەنىمدىن تۈرلۈك ئاۋاز.

× ×

يەتمىشكە يېتىپدۇرمەن ئاغزىمدە تىشىم يوق،
ھەفتاددۇ مىللەت ئىلىكىدە ئەمدى ئىشىم يوق؛
يارا ئۇسا ھىجران جەھانىدىن كەتتى،
غەمكىن مەنۇ مۇڭداشقالى بەھيات ④ كىشىم يوق.

× ×

ئىقلىمغە شاھ ئولسە ئەگەر مەردۇ مۇسافىر،
غۇربەت ئەلەمى كۆڭلىدە چۈن بۇلبۇلى دىلگىر؛
خان نەئىم ⑤ پادىشاھىدىنكى ھەمىشە،
بىر نۇقۇل نەباتىكى ئالۇر دانەئى زەنجىر

× ×

دۇنيا چۇ رەبات، كارۋان ئادەمدۇر،
ھەر ئادەمنىڭ ئىچىدە يۈز ئالەمدۇر؛
مىڭ يىل ياشاساڭ جاھانىدا چۈن نوھى نەبى،
ئاخىر ئۆلەسەن غەنىمەت ئۇشبۇ دەمدۇر.

× ×

ئادەم تەنىگە گۆر ئىچىدە ھەر ۋەرەمى ⑥ داغ،
ئۆمرى ئۆتەردۇر بىھۇدە فىكرى ھەردەم باغ؛
دۇنيانى يىغىپ بىر كىشىگە بەرسە دېگەيكىم،
تا كۆزلەرىنىڭ كاسەسىگە تولماسا تۇفراغ

---

① ئاتەشكەدە — ئوتقا چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئىبادەتخانىسى،
② ئاسار — ئەسەرلەر، نىشانىلەر، بەلگىلەر.
③ ئاغاز — باشلانما، كىرىش، كىرىشمەك، باشلانغۇچ.
④ بەھيات (بەھىيە، بەھىييات) — ياخشى، ئوبدان، ئوچۇق.
⑤ خان خوان — ياساقلىق داستىخان؛ نەئىم — نېمەت پاراۋان ۋە راھەت تۇرمۇش ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەر
⑥ ۋەرەم — ئىششىق، كېسەل، كۆپچۈش.

## ئون ئالتىنچى مۇخەممەس

كى ئەرەبدىن فىتنەئى شوخى ئەجەم كەلتۈرمىشەم،
كى تەرەبدىن ① ساغەرى دەردۇ ئەلەم كەلتۈرمىشەم؛
سەر بەيازى مەتلەئى تۇغرايى غەم كەلتۈرمىشەم،
تامۇھىتى ئىشقىدىن بىر قەترە نەم كەلتۈرمىشەم؛
ھەۋزە كەۋسەر يادىنى كۆڭۈلگە كەم كەلتۈرمىشەم.

...... ...... ...... ......

سۈرەتى جىسمانىيەتنى سومنات ئەيلەي بۇگۈن،
تىغى بەر فەرقى ② سەرى لاتۇ مانات ئەيلەي بۇگۈن؛
نەفسى كافىر بۇت ئىرۇر، تاپسام غازات ئەيلەي بۇگۈن،
دەۋرىدۇر سەدرى بەدىر كايىنات ئەيلەي بۇگۈن؛
ئەژدەھا سەر ئۇتلۇغ ئاھىمدىن ئەلەم كەلتۈرمىشەم.

ئەي كۆڭۈل ئۆمۈر ئۆتتى، بىر يارغە سەن يار ئولمادىڭ،
ھەلقەئى زەنجىرى زۇلفىغە گىرىفتار ئولمادىڭ؛
غۇنچە ئاچىلدىيۇ گۈل كۈلدى، بىدار ئولمادىڭ،
ئۆتتى بىر پەيۋەستە ئەبروىي خەبەردار ئولمادىڭ؛
مىسرەئى شوخىنى گوياكىم بەھەم كەلتۈرمىشەم.


بۇرقەئى نازىنى ياپقاندىن كېتەردە بارھا،
نالەئى بۇلبۇلغە ئۇن قوشتۇم سەھەردە بارھا؛
جىلۋەئى ھۆسن ئەيلەدى مەددى نەزەردە بارھا،
ئەئلى لۇتفىنىڭ... يەزەردە بارھا؛
...شاخى بەرگىدىن قەلەم كەلتۈرمىشەم.

...ئالەمدە مەندىن... ئاۋازەدۇر،
... دەرۋازەدۇر؛
مەگرىفەت تارى كەتانى كۆڭلۈمە شىرازەدۇر،
كۆز يېتەردە...دىماغىم تازەدۇر؛
ئەنبەر ئەفشان نۇكتەھى زۇلفى سەنەم كەلتۈرمىشەم.

بارى ئىشقىدىن ئېگىلدى قامەتىمنى يا دېمە،
مەۋجى ئەشكىمنى كۆرۈبان جوشەشى دەريا دېمە؛
ياغسە گەر بەرقى بەلا باشىڭغە ھەرگىز ھا دېمە،
دىلبەر ئىشكىدە زەلىلى تەلبەنى تەنھا دېمە؛
تارپودى خىرقەدىن خەيلۇ ھەشەم كەلتۈرمىشەم.

---

① تەرەب — خۇشاللىق، شادلىق. (تەرەب ساغەرى — شادلىق پىيالىسى)؛
② فەرق — چوققا (باشىنىڭ چوققىسى)؛



ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبلى ئېچىلىش مۇراسىمىدا تەنتەنە قىلماقتا




جۇڭگونىڭ ئۆزبېكىستاندىكى سودا ئىشلىرى ۋەكىلى چەن جىن كۆرگەزمىنى قىزغىن تەبرىكلىدى




خەتتات ھوشۇر ئېلى بىلەن گەخمەت ئابدۇللالار كۆرگەزمىنىڭ جىددىي تەييارلىقى ئۈستىدە



ئۆزبېكىستانلىق دوست ئەربابلار كامىلجان ۋە مۇھەممەتجان ھەمرايىۋلار ۋەكىللەر ئۈمكى بىللەن بىللە








《天尔塔格》文学双月刊 Tangritag Two Monthly Literature Journal In Uygur Language
«تەڭرىتاغ»

1993年第3期

1993 ـ يىل 3 ـ سان

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会
编辑出版：《天尔塔格》编辑部
地　址：乌鲁木齐市新华南路16号
电　话：218897邮政编码：830002
印　刷：新疆科技卫生出版社印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（782信箱）
国内统一刊号CN65－1012／1
邮局代号58－83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر
تېلېفون: 218897 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
( 782 ـ خەت ساندۇقى )
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN 65 ـ 1012 / 1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 83 ـ 58

零售价：1.20元

پارچە سېتىلىشى: 1.20 يۈەن